بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

ئابلەت جۇمە توپراق

# پۇلغا يانداشقان بايانلار



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

ئابلەت جۇمە تۇپراق

# پۇلغا ياندىشقان بايانلار



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

消费有方：维吾尔文/阿布来提·居玛编著，—
乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2011.3
(农牧民致富丛书)
ISBN 978-7-5466-0732-0

I.①消… II. ①阿… III.①成功心理—通俗读物—
维吾尔语(中国少数民族语言) IV.①B848.4-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第033503号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابدۇشۇكۇر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا ئابدۇنەيىم
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختى
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم

بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

**پۇلغا يانداشقان بايانلار**

* * *

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى لۈڭيىدا باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 4.625
2011 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2011 - يىل 7 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 0732 - 0
باھاسى: 15.00 يۈەن



ئابلەت جۇمە تۇپراق 1963 - يىلى 4 - ئايدا يوپۇرغا ناھىيەسى تېرىم يېزىسىنىڭ كۆتەگلىك كەنتىدە تۇغۇلغان، مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدا چوڭ بولغان. ئۇ «قەشقەر گېزىتى» ۋە «قەشقەر» ژۇرنىلىدا باش مۇخبىر ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىرغىچە 5000 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر-ماقالە، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، شېئىر يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان؛ «جاسارەتلىك بول ئوغلۇم» قاتارلىق 17پارچە كىتابى ھەرقايسى نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنغان. 30 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە - ئەسىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# كىرىش سۆز

ھاياتنى قەدىرلەش، ئۇنىڭ بىتەكرار پۇرسەتلىرىنى چىڭ تۇتۇش، ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۇنى بېيىتىپ، ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرۇش ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئەمما، بۇ ئارزۇنىڭ ھۆزۈرىنى سۈرۈش ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. ھەربىر كىشىدە كۆرۈنمەس بىر تىلتۇمار بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە «ئاكتىپ روھىي ھالەت» دەپ يېزىلغان. بۇ بايلىق، مۇۋەپپەقىيەت، خۇشاللىق ۋە ساغلاملىقنى جەلپ قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى يۇقىرى پەللىگە ئېلىپ چىقىدۇ ۋە شۇ يەردە مەزمۇت تۇرغۇزىدۇ؛ تىلتۇمارنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە «پاسسىپ روھىي ھالەت» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بارلىق گۈزەل شەيئىلەرنى رەت قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى تۇرمۇشنى ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ، ھەتتا يۇقىرى پەللىدە تۇرغان كىشىلەرنى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

كىشىلىك ھايات پۇرسەت ۋە خىرىسقا تولغان بولىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئىقتىساد ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشى بىزدىن ئەنئەنىۋى ئىقتىساد ئېڭىمىزنى، قىممەت قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزنى، زامانغا لايىق بىلىم - ساپانى ھازىرلىشىمىزنى، ئۇچرىغان خىرىس، قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان پەم - پاراسەت، جاسارەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

كىشىلىك ھاياتتىكى پۇرسەت ھەممىلا يەردە تولۇپ تۇرىدۇ. بۇ «پۇرسەت» لەر ھەممىلا ئادەمگە بېيىش ھوقۇقىنى بەرگەن.

بىراق، ئۇ تەييارغا ھەييار بولىدىغانلارنىڭ بېيىشىغا كاپالەتلىك قىلمايدۇ. پەقەت تىرىشقان، ئىزدەنگەنلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ.

ئىقتىساد ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بىۋاستە ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بېيىش ئىستىكى بولغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا «بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى» نى سۇندۇق. مەجمۇئەگە بېيىش يولىنى، يەنى تۇرلۇك تىجارەت يوللىرىنى، ئىستېمال يۈنىلىشىنى، مەبلەغ سېلىش ئۇسۇللىرىنى، پۇل تېپىشنىڭ توغرا يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە، دەپ قارالغان ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش، بېيىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىستەكلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سىزگە ياخشى بىر يېتەكچى ۋە باشلامچى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

پۇلغا ئېرىشىش بىلەن كىشىلىك تۇرمۇش ........................................ 1
پۇل خەجلەشنىڭ جايى بولامدۇ ........................................ 1
پۇل ـ ئالدى بىلەن تويۇنۇش ئۈچۈندۇر ........................................ 7
پۇل ئۆز نۆۋىتىدە ئۆلۈمگە دال بولىدۇ ........................................ 11
پۇل ـ يەنە بىر باغ ئۈچۈن ........................................ 16
ھۈنەر ـ كەسىپمۇ پۇلغا ئېرىشىدۇ ........................................ 36
پۇل پۇلنى تاپىدۇ ........................................ 42
پۇلنىڭ جۇلاسى ـ زىبۇ ـ زىننەت ........................................ 53
پۇل تۇرمۇشنى قولايلاشتۇرىدۇ ........................................ 57
ئۆي زىننىتى ـ پۇل زىننىتى ........................................ 59
ساياھەت ھەم تاپاۋەت ........................................ 62

پۇل كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئالتۇن كۆۋرۈكى ........................................ 66
سوۋغا ـ سالام كۆڭۈلنى كۆتۈرىدۇ ........................................ 67
تاپقىنىڭنى ئەلدىن ئايىما ........................................ 68
خاسىيەتلىك ئىش دىلىڭدا ۋە قولۇڭدىكى پۇلۇڭدا ........................................ 70
«ئالتۇن قەپەس» نىڭ قەدرى نەدە ........................................ 72
ساداقەتمەنلىك ۋە ھۆرۈنلۈق پاتقىقى ........................................ 78
پۇل تاپقان نوچىمۇ ........................................ 88
كەسىپ مۇھىممۇ، پۇلمۇ ........................................ 100

روھىيەت تۆۋرۈكى ۋە پۇل ........................................ 107
غۇرۇر ـ ۋىجدان ۋە پۇل ........................................ 107
ئەقىل ـ پاراسەت ۋە پۇل ........................................ 112

ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە پۇل ............................................ 113
مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە پۇل .................................................. 115
تالانت ۋە پۇل ......................................................... 117

**«نامرات باي، نامرات تىجارەتچى» يەنىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا!** ....... 119
40 مىليونغا قانائەت قىلمىغان ئەبگار ........................................ 120
ئاشپەزگە ئايلانغان «باي» ................................................. 128
چېگرا سىرتىدىكى باي ..................................................... 130
چوڭ پايدا ئېلىش تەقەززاسى ................................................ 133
بانكىدىكى باي ........................................................... 137
خاتىمە ................................................................ 140

# پۇلغا بېقىنغان كىشىلىك تۇرمۇش

## پۇل خەجلەشنىڭ جايى بولامدۇ؟

نۆۋەتتە، كىشىلەردە شەكىللەنگەن پۇل كۆزقارىشى، پۇلغا چوقۇنۇش، پۇل تېپىش قىزغىنلىقى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل سەزگۈرلۈكنىڭ ئىنكاسى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پۇل قارىشىدا ئوخشىمىغان چۈشەنچە مەۋجۇت. بۇ خىل ئومۇمىي كەيپىيات خۇنۇك، ئۆلۈك ھالدىكى پۇل سەزگۈرلۈكىنى پەيدا قىلىپ، توغرا، جانلىق، ئەتراپلىق، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان پۇل چۈشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشقا توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ. گەرچە بۇ جەھەتتە ئايرىم كىشىلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن چۈشەنچە بېرىشىپ، پۇلغا قارىتا توغرا مۇئامىلىدە بولۇش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزغان، ئۇنىڭ قانۇنىيىتى، پاسسىپ ۋە ئاكتىپ رولى قاتارلىقلار ئۈستىدە مەلۇم ئۇقۇم شەكىللەندۈرۈپ، پۇلنى ساپ قان - تەر بىلەن تېپىپ، مۇۋاپىق، جايىدا ئىشلىتىشنى بىلگەن بولسىمۇ، بۇ مەسىلىدە زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ قارىشى بىر - بىرىدىن كەسكىن پەرق قىلىدۇ. يەنى بەزىلەرنىڭ پۇلنى چۈشىنىش سەۋىيەسى نىسبەتەن تۆۋەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇيغۇسىدىكى پۇل چۈشەنچىسى تولىمۇ مۇجمەل. بۇنداق ئەھۋاللارنى بىز دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. كىشىلىك جەمئىيەتتە ئادەم بۇ ھەقتە بىر قەدەر ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى، ئۇنى بىلىشى، چۈشىنىشى زۆرۈر. بىلىشتىن مەھرۇم قېلىشنىڭ ئۆزى كۆزى ئوچۇق قارىغۇلۇقتىن دېرەك بېرىدۇ.

شۇڭا، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەم پۇلنى بىلىش، تونۇشقا سەل قارايدىكەن، پۇلنى يېتەكچى قىلغان ھەرقانداق ئىشتا پالاكەتكە يولۇقىدۇ. بۇ، پۇلنى چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈنمۇ، بىلگۈچىلەر ئۈچۈنمۇ، بىلىشنى خالىغۇچىلار ۋە ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىپ ھايات پەيزىنى سۈرۈشنى نىيەت قىلغۇچىلار ئۈچۈنمۇ ئورتاق بولغان ئەقەللىي ساۋاتتۇر. ئەمما، مەيلى پۇل تاپسۇن ياكى خەجلىسۇن ۋە مەيلى پۇل ساقلىسۇن ياكى پۇل قەرز ئالسۇن - بەرسۇن، يۈزەكى ھالدىكى قاراش، ئەقىدە ۋە قائىدە - يوسۇن، ئۆلچەملەر بويىچە ئىش قىلىدۇ. تارىختا نەزەر سالساق، پۇلغا بولغان بۇ خىل كۆزقاراشنىڭ ياخشى نەتىجىسىگە قارىغاندا ناچار نەتىجىسىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىسپاتلايدىغان ئاساس يېتەرلىك. ياخشى نەتىجىسى بار پاكىتلارغا كەلسەك، ئۇ بىزنىڭ قانائەت قىلىشىمىزدىن يىراق. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، پۇلنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلايدىغان، ئىگىلىكىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان كۆپ قاتلاملىق، ئۈنۈملۈك، ئاقىلانە بولغان تەجرىبىنى يارىتالماي كەلدۇق. شۇڭا، پۇل ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزمۇ ئىزچىل تۈردە گادىرماچ، تۇتۇرۇقسىز، قوپال، مەززىسىز بولۇپ كەلدى. ئۆتكەن بىر مەزگىلدىكى پۇلغا بولغان ئاچ كۆزلۈك، ئىچى قارىلىق ۋە بىر چاغلاردىكى ھەممىنى پىلان ئارقىلىق مونوپول قىلىش، بازارنى ئاساس قىلىپ تەڭشەشنى ئىنكار قىلىش بىزنىڭ ھېلىقىدەك ئىپتىدائىي پۇل قارىشىمىزنى تېخىمۇ چۈشكۈن، تېخىمۇ قاراڭغۇ جاڭگالغا باشلاپ كىردى. ئەمەلىيەتتە، رېئاللىقنىڭ كۈتىدىغىنى ئۇ بولماستىن، بەلكى پۇل ئارقىلىق قىممەتنى، يەنى كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتىنى، ماددىي مەدەنىيەت ئېڭىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېپيېڭى تۇرمۇش قارىشى شەكىللەندۈرۈش، قىممەت قارىشى ئارقىلىق يېپيېڭى مەدەنىيەت مۇھىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش. بۇ بىزنىڭ تۈپ مەقسىتىمىز، ئەلۋەتتە. كېيىنكى كۈنلەردە، بولۇپمۇ بازار

ئىگىلىكى يولغا قويۇلغان، بازار ئارقىلىق تەڭشەش، يېتەكلەش مەنبە قىلىنغان يېقىنقى يىللار مابەينىدە پۇل تاپقۇچىلارغا، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرگە، كىشىلىك تۇرمۇشنى قامداپ، ئۇنى ياخشىلاشقا بارلىقىنى ئاتىغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتى كەلدى. بۇ خىل يېڭى پۇرسەتنىڭ تۈرتكىسىدە خېلى زور بىر تۈركۈم ئادەملەر پۇل تاپتى، پۇلغا كۆز - قارنى تويدى، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ پۇلغا بولغان چۈشەنچىسى يۈزەكى تۇيغۇ ھالىتىدە تۇرۇپ قالدى. بەزىلەرنىڭ تەلىيى ھەقىقەتەن «ئوڭ» كەلگەنلىكتىن «پۇرسەت» نى چىڭ تۇتتى. قىسقىسى، ئۆتكەن بىر چاغلاردا بىر قىسىملار قانداق قىلىپ بولمىسۇن پۇل تاپتى. پۇلنى تېپىشنىڭ چەك - چېگراسىنى ئايرىپ بولغۇچە ئىش چاققانىنىڭ، تاپقان تاپقاننىڭ بولۇپ كەتتى. بۇ بىر خىل تارىخىي پۇرسەت بولۇپ، كۆپچىلىك بىلدى. پۇل تاپقانلا ئىش بولسا ياخشى بولۇش، باي بولغان بولسىلا ياخشى بولۇش كەيپىياتى ئىچىدە توغرا پۇل تېپىش بىلەن ناتوغرا پۇل تېپىش بەزى چاغلاردا ئارىلىشىپ كەتتى. بىلىش كېرەككى، پۇل تېپىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا پۇل تېپىشقا بېرىلمەي، گاڭگىراپ قالغان، ئىككىلەنگەن، سىپايىلىق قىلغان كىشىلەرنى پۇل يەكلىدى، پۇشايمانغا قالدۇردى، دېسەك بولىدۇ... كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر پۇل چۈشەنچىسىنىڭ يۈزەكىلىكى سەۋەبىدىن، پۇلنىڭ ھەر قانداق نەرسىگە «قادىر» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىرلا تەرىپىگە ئۆلگۈدەك چوقۇندى، پۇلنىڭ ۋاقتى كەلسە ئەتىۋار، ۋاقتى كەلمىسە بىر تۇتام قەغەز ياكى قىممىتى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرىدىغان ئالاھىدە مېتال ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقىرىشتى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن، كۆپ سانلىق كىشىلەر پۇل چۈشەنچىسىدە ھامان مەھكۇم ھالەتتىن قۇتۇلالمىدى. قىسقىسى بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، پۇلنى تېپىش -

خەجلەشتە هامان ئۆرنەك بولارلىق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدۇق. پۇل خەجلەشتە نېمە ئۇدۇل كەلسە سەرپ قىلىۋەردۇق، تېپىشتا بولسا كارىمىز بولماي ئۆزىمىزنى ئۇرۇۋەردۇق، ئەھۋال مۇشۇنداق بولغاچقا، پۇل تاپقان ھەرقانداق كىشىگە پۇلنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەنلەر هامان سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىماي قالمىدى. بىرەر يېڭى ئىلغار تېخنىكا ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش ھەققىدە گەپ قىلسا، پۇلى بارلار بىلىمى بارلارنى پىسەنتىگە ئالمىدى، ھەتتاكى ئاشۇ بىلىمى بار كىشىلەر غاجاش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. بۇنداق ئورتاق بولغان تەكەببۇرلۇق، داغۋازلىق بىزنىڭ ئاشۇ ئادەملىرىمىزنىڭ بىلىمسىز- لىكىنى ئىپادىلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىلىمى بارلارنىڭ پۇلى يوق، پۇلى بارلارنىڭ بىلىمى يوق هالەت شەكىللىنىپ، بىزنىڭ پۇلدارلىرىمىز بىر تال تىرناق ئالغۇچنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە تېخنىكا يارىتالمىدى ياكى شۇ خىل ئىشنىڭ ساھىبى بولالمىدى. مۇقەررەركى، شۇنىڭ بىلەن پۇل تاپقان نۇرغۇن «ئامەتلىك» كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى خەيرلىك بولمىدى، هامان مەغلۇبىيەت بىلەن تۈگەللەندى.

ئەمدى، بىز پۇل تاپقان ھەمدە پۇلنى بىلىش - تونۇش باسقۇچىغا يەتكەن يەنە بىر قىسىم كىشىلىرىمىزگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى دېگۈدەك پۇلنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىچكى باغلىنىشىنى توغرا ھەل قىلىپ، پۇل تېپىش بىلەن خەجلەش جەھەتتە ئۈلگە ياراتتى. ئۇلارنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى توغرا. چۈنكى، پۇل تۇرمۇشنى قامداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىممەت يارىتىش ئارقىلىق چەكسىز هاياتىي كۈچ بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرى، كىشىلەر ئىدىيەسىنىڭ ئەڭ نازۇك بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا قەدەر سىڭىپ كىرىپ، ئىلھاملىنىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ھەر قايسى قاتلاملارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، بۇنداق

قانۇنىيەت پۇلنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ پۇلغا بولغان قارىشىنى ياخشى مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. دېمەك، ھەر قانداق ئىش قانۇنىيەتلىك بولىدۇ. قانۇنىيەتسىز ھېچقانداق ئىش مەۋجۇت ئەمەس. قانۇنىيەتنى ئاساس قىلغان ئىشنىڭ راۋانلىقى، ئىزچىللىقى، تەرەققىياتى كىشىلەرنى ئۇتۇققا ئېرىشتۈرىدۇ.

مەيلى قانداقلا بولسۇن، يۇقىرىقى بىر قاتار ئىشلار كىشىلەر ئارىسىدا تالاش - تارتىش، مۇنازىرە قىزىق نۇقتىسى بولۇپ كېلىۋاتقان ئىشلارنىڭ بىر قىسمى. ئۇ بىزدىن نۇرغۇن، كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىپ، ماھىيەتلىك ئىشلارنى، مەسىلىلەرنى بىلىش، چۈشىنىشىمىزنى كۈتىدۇ.

بىر قېتىم مەن مەلۇم سورۇندا بىرقانچە كىشىنىڭ پۇلنى قانداق خەجلەش توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشىغا ئارىلىشىپ قالدىم.

— ھەي، ھەي، شۇمۇ تالىشىدىغان ئىشمۇ؟ — دېدى ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشى ئەۋجىگە چىققاندا ئارىدىن بىرى، — پۇل تاپقان ئادەم ئۇنى قانداق خەجلىسە، ئۆزىنىڭ ئىشى، شۇنىڭغىمۇ قائىدە - تۈزۈم بەلگىلەش كېتەمدۇ؟ ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنىغۇ شۇنداق قىلماي بولمايدۇ، شەخسىينىڭ پۇلىغا ئۇنداق - بۇنداق ئۆلچەم بېكىتىشنىڭ ئۆزى ئەخمەقلىق.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما پۇلنىڭ بىر ئۇچى يۈرەكتە دەيدىغان گەپ بار. شۇڭا، پۇلنى تەرتىپلىك، جايىدا ئىشلەتسە بەرىكىتى بولىدۇ.

— قۇرۇق گەپ، پۇلنى نېمە دەپ تاپىدۇ؟ خەجلەيمەن، ياخشى يەپ - ئىچىمەن دەپ تاپىدۇ. پۇلنى تاپقانىكەن، ئادەم ئارزۇسىنى قاندۇرمىسا، ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ پۇلنى ساقلىۋالماي، خالىغانچە ئىشلەتسە، بەرىكىتىمۇ، چەككەن جاپانىڭ ھاردۇقىمۇ چىقىدۇ، نېمىلا دېمەيلى، پۇلنى خەجلەپ بۇ

دۇنيانىڭ پەيزىنى سۈرگەنگە ھېچ نەرسە يەتمەيدۇ، گېزى كەلسە، پۇل دېگەن قەغەز، ئىشلەتمىسە پۇشايمانغىمۇ قالدۇرىدۇ.

— بىر ھېسابتا پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى.

ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرى تولىمۇ ئاددىي ۋە يۈزەكى بولۇپ، بىردە پۇلنى ئىنكار قىلسا، بىردە پۇلنى يۈكسەك دەرىجىدە كۆككە كۆتۈردى. بۇنى ماھىيەتتە بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ پۇل ئېڭىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيتتى.

ئەسلىي گېپىمىزگە كەلسەك، ئادەم بولىدىكەن، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ھامان پۇل ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ، پۇلدىن ئايرىلغان ھالدا تۇرمۇش كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس؛ ئادەمگە پۇل خۇددى سۇ، ھاۋا، يېمەكلىك، كىيىم ـ كېچەك، شۇنىڭدەك ياشاش مۇھىتى زۆرۈر بولغاندەك، كىشىلىك تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، ئايرىلىش قىيىن بولغان نەرسىدۇر. ئەمما، ئۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ھەقىقەتەن كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئىش. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا سەل قارايدۇ، بۇ دەل پۇل چۈشەنچىسى بىلەن پۇلنى ئىشلىتىشنى، بولۇپمۇ جايىدا، مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى بىلمەسلىكنىڭ ئەينەن ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر پۇل جايىدا ئىشلىتىلسە ئۆز نۆۋىتىدە مەلۇم قىممەت يارىتىدۇ. ئەكسىچە، ئىشلىتىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئەھۋالدا ئىشلىتىلگەن پۇل ھېچقانداق قىممەت يارىتالمايلا قالماي، بىكاردىنلا قولدىن چىقىپ كېتىپ، پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ. پۇلنى ئاز ئىشلىتىش بىلەن كۆپ قىممەت يارىتىش، كۆپ ئىشلىتىش بىلەن ئاز قىممەت يارىتىش؛ بۇنىڭ ئەكسىچە ئاز ئىشلىتىش بىلەن ئاز قىممەت يارىتىش ياكى قىممەت يارىتالماسلىق، كۆپ ئىشلىتىش بىلەن كۆپ قىممەت يارىتىش ياكى يارىتالماسلىق كىشىلىك تۇرمۇشتا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھادىسە بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن سەۋەب ـ نەتىجىلىك ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. ئەمما، بۇ يەردىكى تۈپ مەسىلە پۇلنىڭ قىممەت يارىتىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىدە بولىدۇ.

پۇل جايىدا ئىشلىتىلگەن بولسا، يارىتىدىغان قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. مانا بۇ مۇقەررەر يوسۇندا پۇلنى دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش قانداق بولىدۇ؟ دېگەن سوئالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭغا ئاددىي ئۇقۇم بىلەن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىش قىيىن توختايدۇ. ھازىرغىچە بۇ مەسىلىگە قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرەلىگەنلەرمۇ بولغان ئەمەس. چوڭراق نۇقتىدىن قارىغاندا، پۇلنى زادى قايسى خىل ئىشلارغا ئىشلەتسە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا توختالساق، بۇنىڭغا خېلى ئەتراپلىق جاۋاب تاپالايمىز ۋە رازى بولماي قالمايمىز. پۇلنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن ئۇنىڭ ھاياتلىقتىكى ھەقىقىي قىممىتىنى نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. بەلكىم، بەزىلەر پۇلنى قانداق ئىشقا ئىشلىتىشنى بىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ دېيىشى مۇمكىن، بۇ بىر خىل ساددا قاراش. ھەر قانداق ئەھۋالدا تالاش - تارتىشنىڭ ئۆزىگە ئېسىلىۋالماي، ماھىيىتىگە ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدىكى نەتىجىسىگە قارىساق، ئۇ چاغدا بىز يۈزەكى قاراشتىن چوڭقۇر بىلىش، ئەتراپلىق چۈشىنىشكە ئېرىشەلەيمىز.

پۇلنى ئۆز ئورنىغا، ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتىش ۋە سەرپ قىلىشنىڭ مۇئەييەن ئارتۇقچىلىقى بار: شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەھمىيەتسىز ئىشقا سەرپ قىلىشنىڭمۇ ئالدىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە پۇلنى جايىغا ئىشلىتىشتە بىۋاستە ئىشلىتىش بىلەن ۋاستىلىك ئىشلىتىشنىڭ بىر قىسىم تۈرلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ نۇرغۇن تۈرلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئاساسلىق تەلەپلەر بولۇپ، بۇ يەردە كىچىك تۈرلەر ئۈستىدە كۆپ توختالمايمىز. ئۇنداقتا، پۇلنى قانداق جايىغا ئىشلەتكەن تۈزۈك؟

## پۇل — ئالدى بىلەن تويۇنۇش ئۈچۈندۇر

مەن ھەمىشە ئائىلەمدىكىلەرگە يېمەك - ئىچمەك

ئىستېمالىدا سۈپەتلىك، قۇۋۋىتى نورمال بولغانلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىمەن، سۈپىتى تۆۋەن يېمەكلىك، يەل - يېمىش، سەي - كۆكتات، قوشۇمچە ئوزۇقلۇقلارنى پۇلى ئەرزان، مىقدارى كۆپ دەپ سېتىۋېلىشنى ياقتۇرمايمەن. ئەمما، مېنىڭ بۇ خىل مەنتىقەم نۇرغۇن كىشىلەرگە ياقماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، بىر قىسىم كىشىلەر پۇلى ئەرزان، مىقدارى كۆپ يېمەكلىك، قوشۇمچە ئوزۇقلۇقنى سېتىۋېلىشقا، ئىستېمال قىلىشقا ئامراق. بۇ ئارقىلىق پۇل تېجەشنى ئويلايدۇ، شۇڭا ھەر قانچە چۈشەندۈرسىمۇ قايىل بولمايدۇ. مەن مۇشۇنداق يۈزەكىلىك تۈپەيلىدىن ھاياتىنى نابۇت قىلغان بەزى ئادەملەرنى كۆردۈم. يېتەرلىك پۇل - مېلى تۇرۇقلۇق يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىپ قالغانلارنى ئۇچراتتىم. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، سۈپىتى ناچار يېمەكلىكنى ئۇزۇن يىل ئىستېمال قىلىش ئادەم ئورگانىزمىدا ئوخشاش بولمىغان كېسەللىك ۋە كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدىكەن. ئايرىم كىشىلەر ناچار يېمەكلىكنى ئىستېمال قىلىشنىڭ زىيانلىرىنى بىلسىمۇ، پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ، سالامەتلىكىنى نابۇت قىلىدۇ. سالامەتلىك ئۈچۈن سەرپ قىلىنمىغان پۇلنىڭ نېمىگە ئەھمىيىتى بولسۇن!؟

زۆرۈرىيەت تۈپەيلى بۇ يەردە مەن مۇشۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ 2 - قىسمىدىكى «پۇل ھەققىدىكى ئاچچىق - چۈچۈك پاراڭلار» دىكى مۇنۇ قۇرلارنى بۇ يەردە تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈر دەپ قارايمەن:

«پۇل تېگىدىن رەزىللىكنىڭ مەنبەسى ئەمەس، ئۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن نۇرغۇن پايدا يەتكۈزىدىغان ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى، ئۇ يەنە نۇرغۇن قولايلىقلارنى يارىتىدۇ، بۇ يەنىلا پۇلنى قانداق ئىشلىتىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىش – ئۇنى جايىدا ئىشلەتكەنلىك بولۇپ، بۇ ئالاھىدە ماھىرلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە ھازىر

بەزىلەرنىڭ پۇلغا بولغان چۈشەنچىسى يېڭىلىنىپ، پۇلدىن پايدىلىنىش ئاڭلىقلىقى ئۆسكەن بولسىمۇ، پۇل خەجلەش جەھەتتىكى ئەمەلىي تەجرىبىسى كەمچىل، جۇرئىتى يېتەرسىز. شۇڭا پۇلنى كەڭ قوللۇق بىلەن خەجلىسىمۇ ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس؛ يەنە بەزىلەر پۇلنى تۇرمۇش ئۈچۈن، ياخشى ياشاش شارائىتى يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى بىلمەي، ئەكسىچە، بۇ دۇنياغا پۇل ئۈچۈن تۆرەلگەندەك، پۈتۈن ھەرىكىتىنى پۇلغا بېقىندۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق ئەخمىقانىلىك ئادەمنى غايىدىن، مەنىۋىيەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ، خالاس. پۇلدىن پايدىلىنىشنى بىلمىگەن ئادەم تۇرمۇشتىن بەھرە ئالالمايدۇ، ھاياتنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ، ئۆزگىگىمۇ بەخت يارىتالمايدۇ، پۇل تېپىشتىن مەقسەت پاراۋان تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىش ئۈچۈندۇر».

«تۇرمۇش مەئىشىتى ئۈچۈن خەجلىگەن پۇل ئۆز رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرغان بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىلىرىمىز شۇنداق جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىدۇ - يۇ، تاپقان پۇلنى تۇرمۇشقا سەرپ قىلىشقا كۆزى قىيمايدۇ، تەرەققىي قىلغان ئەللەردە بولسا پۇل ئالدى بىلەن باياشات تۇرمۇش ئۈچۈن يېتەرلىك سەرپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ياۋروپالىقلارنى ئالساق، يېمەكلىك ئىستېمالىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇلار تۈرى كۆپ، ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتى يۇقىرى، مىقدارى ئاز، سۈپىتى ئالاھىدە ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ، شۇنداقلا روھلۇق ئولتۇرۇپ غىزالىنىش ئۈچۈن يېمەكلىك ئىستېمال قىلىدىغان ئورۇننى بېزەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىزدە پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسى بولۇپ، پۇل تاپقانلار ھە دېسە ئۆينى زىلچا گىلەمچىلەر بىلەن پۇركەيدۇ، ئاشخانىغا قارايدىغان بولساق، مەينەتچىلىكنىڭ دەستىدىن ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشىدۇ،

يېمەك - ئىچمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ئالساق، ئۇلار پۇل تاپقانسېرى مەينەتلىشىدۇ ياكى ئاچ كۆزلىشىپ، ئاشخانىنى بېزەپ چىرايلىق، كۆركەم قىلاي دېمەيدۇ، سەھىيە تارماقلىرىنىڭ بېسىمى ئېغىرلاشقاندىلا رېمونت قىلىپ تۈزەپ قويىدۇ، خالاس».

ئەمەلىيەتتە، يېمەك - ئىچمەك ئىستېمالى ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلىش تولىمۇ مۇھىم. ئەمما، بۇ قانداقتۇر تاپقان پۇلنى ھە دېسە يەپ - ئىچىشكە سەرپ قىل، يەپ - ئىچىپلا تۈگەتسەڭ پۇلنى جايىدا خەجلىگەن بولىسەن دېگەنلىك ئەمەس. بۇ پەقەت ئالدى بىلەن يېمەك - ئىچمەك ئۈچۈن يېتەرلىك، مۇۋاپىق پۇل خەجلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەشتىنلا ئىبارەت.

ھەممىگە ئايانكى، تويۇنۇش ھاياتلىقنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى، ئادەم تويۇشتىن ئىبارەت ياشاشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ھازىرلىغاندىلا، ئادەم ساغلام تەنگە، ئەقىل - پاراسەتكە، چېۋەرلىككە، سەزگۈرلۈككە ئىگە بولالايدۇ. ئادەم ئىمكانىيىتى يار بەرگەن دائىرىدە مۇۋاپىق يېيىش، سۈپەتلىك غىزالىنىش، ياخشى ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن پۇل خەجلىسە ئەرزىيدۇ، پۇلنىڭ قىممىتى ۋە رولىمۇ شۇنچە ياخشى جارى قىلىنغان بولىدۇ. گەرچە يېگەن - ئىچكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا يوقىلىپ نەتىجىسى «نۆل» گە تەڭ بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە ئادەم ئورگانىزمىدا ياراتقان يوشۇرۇن قىممىتى تەڭداشسىز بولىدۇ. يەنە بىر مەنىدىن ئالغاندا، پۇل تېپىشتىن مەقسەتمۇ ئاخىرقى ھېسابتا تويۇنۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. پۇل خەجلەشتە نۇرغۇن كىشىلەر بۇ نۇقتىغا سەل قارايدۇ، تويۇنۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئورگانىزمنى يېتەرلىك ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئەتمەيدۇ. نەتىجىدە پۇل ۋە ھاياتتىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك مەنپەئەتتىن ھۆزۈر ئالالمايلا قالماي، باشقا قىممەتمۇ

يارىتالمايدۇ، نادانلىقتا ئۈنۈمسىز تويۇنۇش نەتىجىسىدە ھەر خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ.

## پۇل ئۆز نۆۋىتىدە ئۆلۈمگە دال بولىدۇ

— كېرەمباغدىكى دوختۇرلار ئاينۇرنى ئۇزاققا قالماي ئۆلىدۇ، دەپتۇ، — دېدى ئايالىم تولىمۇ ئېچىنغان ھالدا غەمگە پېتىپ.

بۇ گەپ پۈتۈن تۇغقانلارنى ساراسىمىگە سالدى. جىددىيلىك، دېلىغۇللۇقتا قولىمىز ئىشقا بارمىدى. چۈنكى، «ئۆلىدۇ» دېيىلىۋاتقىنى ئايالىمنىڭ ئۆگەي ئاكىسىنىڭ چوڭ قىزى بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 - يىللىقىدا ئوقۇيتتى، ئاتا - ئانىسى نامرات خىزمەتچى بولغاچقا، ئۇلاردىمۇ ئۈمىد يوق ئىدى. سەۋەبى: نامراتلىق ئۇلارنى ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىشقا قۇدرىتى يەتمەيتتى، ئۇلار ئەمدى تەقدىردىن كەلگىنىگە رازى بولۇش قارارىغا كېلىشتى. بۇ ئەلەم ۋە ئازابنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە ئىپادىلەپ بەرگۈسىز دەرىجىدە ئازاب دېڭىزىغا چۆمگەن بىردىنبىر ئادەم قېيىنئاتام ئابلا قاسىم بولدى. ئۇ بىئاراملىق، جىددىيلىك ئىچىدە لەختە - لەختە بولۇپ كەتتى. ئۇ قەشقەر كېرەمباغ دوختۇرخانىسىنىڭ شۇ چاغدىكى ئىلاجسىزلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندى. شۇنداق بولسىمۇ دوختۇرلارغا تەلمۈرۈپ، كېسەلنى ساقايتىشنى ئۆتۈندى، يالۋۇردى، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ مەسلىھەت سورىدى، لېكىن قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالالماي مەيۈسلەندى. ئويلا - ئويلا نىجاتلىقنى ئۈرۈمچىدىن ئىزدەپ باقتى. ئەمما، بۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل كېتەتتى، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ قولىدا ھېچقانچە پۇل بولمىغاچقا، باشقىلاردىن ئالغان قەرزىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ بالايىئاپەتنى كۆتۈرەلمىگىلى تاس قالدى. ئۇ قەتئىي بەرداشلىق بېرىپ،

تەمكىنلىك بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا مۇراجىئەت قىلدى، ۋاھالەنكى، ئۇلارمۇ تازا ئەتلىنەلمىگەن، «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەيدىغان ھالەتتە بولغاچقا، قۇرۇق ھېسداشلىقتىن باشقىغا يارىمىدى، ئاخىر ئۇ يوپۇرغا تېرىم يېزىسىنىڭ شۇ چاغدىكى شۇجىسى (ھازىر ناھىيەنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى) ياقۇپ جۇمەگە ھال ئېيتىپ يىغلاپ تاشلىدى، ئېچىنىشلىق يىغا ياقۇپ جۇمەنى 12 مىڭ يۈەن قەرز ياردەم بېرىشكە تەسىرلەندۈردى.

شۇنداق قىلىپ ئاينۇرنى ئۈچ ئادەم ئۈرۈمچىگە ئېلىپ باردۇق. ئۇ ئىمجان بولۇپ، بەدىنىنىڭ يېرىمى بىر نەرسىنى سەزمەيتتى، بېشى توختىماي ئاغرىيتتى، بۇنى ئازابلىق ئىڭراشلار دەلىللەيتتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق 1 - دوختۇرخانىسى مېڭە كېسەللىكلەر بۆلۈمى بۇ خەتەرلىك كېسەلنى قوبۇل قىلىپ، باش سۆڭىكىگە ئۇشكە قويۇپ 650 گىرام قاپلىق يىرىڭنى ئېلىۋەتتى. كېسەل تەدرىجي ياخشىلىنىپ ساقىيىشقا يۈزلەندى. «ئۆلىدۇ» دېيىلگەن بۇ قىز 35 كۈندە سەللىمازا ساقايدى، مانا ھازىر ئۇ شۇنداق بېجىرىم چوڭ بولدى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزۈپ، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنىڭ ياراملىق ساھىبى بولۇپ قالدى.

بۇ ئىش يادىمغا يەتسە قېيىنئاتام ئابلا قاسىمنىڭ تىرىشچانلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمايمەن. ئۇنىڭ كېسەلگە سەۋەب قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغان ئىرادىسى، بولۇپمۇ كېسەللىك ئېغىرلىشىپ، ئادەمنىڭ جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغاندا پۇل خەجلەشتىكى ماھىرلىقى بولمىغان بولسا، كىشىلىك تۇرمۇش بوسۇغىسىغا ئەمدىلا قەدەم قويۇۋاتقان بىر نارەسىدە ئاللىقاچان تۇپراققا ئايلانغان بولاتتى.

قېيىنئاتام ئابلا قاسىمنىڭ قىلغان ئىشى يالغۇز بۇ بىرلا ئەمەس، ئۇ ھەمىشە ئۇرۇق - تۇغقان، يۇرتداشلىرى، تونۇش -

بىلىشلىرى، دوستلىرىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا جان كۆيدۈرىدۇ. ھەر قانداق ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىدە غەيرىي ئەھۋالنى سەزسىلا دوختۇرغا ئوخشاش سوئال سورايدۇ، داۋالىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ، بەزىدە ئۆزى بىۋاسىتە دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىدۇ، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ داۋالىتىدۇ. مۇشۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە، يىراق تۇغقانلىرىدىن بىرى ئاياللار كېسەللىكى ۋە بالىياتقۇ ئۆسمىسى بىلەن ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا 8 مىڭ يۈەن خەجلەپ داۋالىتىپ ساقايتتى. ئايالىنىڭ سىڭلىسى مېنىنگىت، تۇبېركۇليوز بولۇپ ھالى خارابلاشقاندا 16 مىڭ يۈەن خەجلەپ داۋالاتتى. ئۇنىڭ ئۇششاق - چۈششەك كېسەللىكلەرنى داۋالىتىش، باشقىلارنىڭ جىددىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان پۇللىرى نەچچە ئون مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. ئەمما، ئۇ تاپقاندا بېرەر دېگەندىن باشقىنى بىلمەيدۇ. يېشى 88 گە بېرىپ قالغان بۇ ئادەمنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشىلىقى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى كۆرگەن ئادەم ھەيران قالىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن پۇل خەجلەپ، مەلۇم مەزگىل ئارام ئالىدىغان، دوختۇرخانىغا كىرىپ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ئىشنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. يېقىنقى ئۈچ يىلدا ئۇ داڭلىق تېۋىپ، مەرھۇم ئېلى سېيىتنىڭ قان تومۇر كېسەللىكىدىن ساقلىنىش، ئالدىنى ئېلىش بويىچە نەچچە ئون يىل تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان دورا ئىچىملىكىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئىچتى ھەمدە بۇ دورا ئۈچۈن ئايانماي مەبلەغ سالدى. چۈنكى، بۇ رېتسېپنى قەشقەرنىڭ ئۆزىدىن چىقىدىغان دورا، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ يىغىندىسىدىن سىناق قىلىپ بەرپا قىلغان بولۇپ، دورىنىڭ ئەكس تەسىرى يوق، شۇ دورا بىلەن ئۇ بىرىنچىدىن ھەر يىلى دوختۇرخانىغا كىرىپ سالامەتلىكىنى ئاسراشتىن ساقلىنىپ قالدى. ئىككىنچىدىن، يۆتەل، ئىچى

سۈرۈش، قەۋزىيەت، نەپەس يېتىشمەسلىك، قان ئازلىق، قان تومۇر توسۇلۇش، دېۋەڭلىك قاتارلىق قېرىلىق كېسەللىكلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئالدىنقى يىلىدىكى چوڭ تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ قان تومۇر، يۈرەك ساغلاملىقى 30 ياشلاردىكى ساغلام كىشىلەرگە ئوخشاش بولۇپ چىقتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئائىلىدە ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى بىلمەيمىز. ھېلىمۇ پىيادە مېڭىپ بەدەن چېنىقتۇرۇشقا، باشقىلارنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە ئامراق. ئۇ خۇددى جاھاننەما ئەينىكىدەك كىشىلەرگە ھەر ۋاقىت ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، داۋالىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ. مۇشۇ چاغقىچە قانچىلىغان ئادەم ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن داۋالىنىپ ساقايدى ۋە تەشەككۈر بىلەن ئالەمچە خۇشلۇقنى بىلدۈرۈشتى. ھەرخىل كېسەللىك ئالامەتلىرى ئۇنىڭغا تونۇش بولغاچقا، دېگىنى خاتا چىقمايتتى، ئۆزىمۇ پۇل تېپىشتىن كۆرە سالامەتلىك تېپىش ئەۋزەل دەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭغا ئەقىل كىرگەندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بىر تىيىممۇ سوغۇق سۇ ئىچىپ باققىنىنى بىلمەيدىكەن. ئۇ قايناق سۇ ئىچىش ياخشى ئىش، سالامەتلىكنى ئاسرايدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئابلا قاسىمنىڭ ساغلاملىقى باشقىلارغا قىلغان شاپائىتىنىڭ خاسىيىتى، ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ، دەيدۇ. ئۇ ئۆزىمۇ سالامەتلىك ئۈچۈن پۇل خەجلەش ئەڭ خاسىيەتلىك ئىش دەپ قارايدۇ.

بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا، مەھەللىمىزدىكى بىرەيلەن بىلەن ۋىدالاشتۇق. ئۇ كۆكتات تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ئىدى. بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا بۆرەك كېسەللىكى بىلەن ئاغرىپ، بىر بۆرىكى زەئىپلەشكەنلىكى ئۈچۈن دوختۇرلار بۆرەك ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭغا 60 مىڭ يۈەن پۇل كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ پۇلغا چامىسى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق، پۇلغا چىدىمىغان ۋە باشقا

چارە ئاماللارنى قىلىپ داۋالانغان. 28 ياشلىق بۇ كىشىنىڭ ئوبدان ئۆي - جايى بولسىمۇ، خوتۇن بالىلىرى يوق ئىدى. كېيىن بىلدۇقكى، ئۇنىڭدىن 130 مىڭ يۈەن نەق پۇل، 50 ~ 60 مىڭ يۈەنلىك مال - مۈلۈك قاپتۇ. رەھمەتلىك گۆرگە ئېلىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان بۇ پۇللارنى سالامەتلىكى ئۈچۈن خەجلىۋەتكەن بولسا ياكى پۇل تېپىش يولىدا ھەممىنى دوغا تىكىۋەتمەي كېسەل باشلانغاندىلا داۋالانغان بولسا بىئەجەل ئۆلۈپ كەتمەس ئىدى. كىشىلىك تۇرمۇشتا بۇ خىل بېخىل، پۇلنى دەپ جېنىغا ئېيكەك سالىدىغان ئادەملەر دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. روشەنكى، پۇلنى سالامەتلىك ئۈچۈن سەرپ قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم پۇلنىڭ قەدرىگە مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ، پۇلمۇ ئۇنداقلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ. بۇنداق كىشىلەر مال - مۈلۈك، دۇنيا - دەپىنە، پۇل - پۇچەككە كۆمۈلۈپ ياتسىمۇ، مەڭگۈ بەختسىز بولىدۇ.

بۇزۇلمايدىغان ماشىنا، ئۈزۈلمەيدىغان ئارغامچا بولمىغىنىدەك، ئادەمگىمۇ كېسەللىك ھامان سايىدەك ئەگىشىپ ھەمراھ بولۇپ يۈرۈيدۇ. شۇڭا، ئۇششاق - چۈششەك ئاغرىقلارغىمۇ سەزگۈر بولۇش كېرەك. بولۇپمۇ پۇل بولمىغان ئەھۋالدا كېسەلگە تېخىمۇ ئەستايىدىل قاراپ، كېسەل باشلانغاندىلا، ئۆتنە - يېرىم قىلىپ بولسىمۇ ئامال تېپىپ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەر كېسەللىك باشلانغاندا، ساقىيىپ قالارمەن ياكى پۇل تاپقاندا داۋالىنارمەن، دەپ كېسەلگە سەل قارايدۇ، ئاقىۋەتتە كېسەل ئېغىرلىشىپ، ئاز پۇل بىلەن ساقىيىدىغان كېسەل كۆپ پۇل بىلەنمۇ ساقايمايدىغان ھالغا يېتىدۇ. شۇڭا، قاچانلا بولسۇن كېسەل بولىدىغىنىڭىزنى ئويلاپ، ئاز - تولا ئېھتىيات پۇلى ساقلىشىڭىز كېرەك. بۇ خىل پۇل ۋاقتى كەلگەندە دەردىگە دەرمان بولىدۇ. مەسىلەن، قاتناش ۋەقەسى، زەھەرلىنىش، تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان ھادىسە، شۇنىڭدەك جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە نەق پۇل بولمىسا بولمايدۇ. دوختۇرخانىلار

تەننەرخنى - ھېساباتنى ئۈدۈلمۇئۈدۈل نەقلەشتۈرىدۇ، بۇ ھال ھەممىنى پۇلغا قارايدىغان قىلىپ قويىدى. دوختۇرخانىلار بىلەن دوختۇرلارمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولالمىدى. نۆۋەتتە ھۆكۈمەت داۋالاش سوغۇرتىسى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىلمىيلاشتۇرۇش، ئەتراپلىق پىلانلاش، ئادەم ئامىلى بىرىنچى بولۇش قۇرۇلۇشىغا قەدەم بېسىپ، داۋالىنىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا «ئۆزىدە يوق، ئالەمدە يوق» بولۇش تۈيغۇسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

قانداقلا بولسۇن، كىشىلىك جەمئىيەتتە ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ۋايساشقا بولمايدۇ. مەيلى كىم بولسۇن، ياشايمەن، پۇل تاپىمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن سالامەتلىكىگە دەسمايە سېلىشنى بىلىشى كېرەك.

## پۇل — يەنە بىر باغ ئۈچۈن

— تاك، تاك، تاك...

مەن پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى خىزمەت بىناسىنىڭ 3 - قەۋەت ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى يەڭگىل چەكتىم. ئىشىك قىيا ئوچۇق بولۇپ، شىرىقشىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، چېكىشنى يەنە تەكرارلىدىم. بايىقى تىۋىش توختاۋسىز ئاڭلىنىۋەردى. ئۈچىنچى قېتىم چەكتىم، يەنە شۇ ئاۋاز... ئارىدىن، ئىككى مىنۇت ئۆتتى. قايتاي دېسەم ئىشىك ئوچۇق ئىدى. شۇڭا، ئېچىپ قاراپ باقايچۇ دەپ، ئىجازەتسىزلا ئىشىكنى ئىتتىرىپ كىرىۋىدىم ئىمىن ئاكا بىر توپ 100 يۈەنلىك پۇلنى ساناۋاتقانىكەن. «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيىشىم بىلەن دىققىتى چېچىلدى - دە، پۇلنى تاشلاپ قويۇپ، مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. قارىغاندا، ئۇ پۇل ساناشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئىشىكنى چەككىنىمنى سەزمەي قالغان ئوخشايدۇ. ھەي، پۇل! بەلكىم، ئۇ

بۇ پۇلنى بەك تەستە تاپقان بولۇشى ياكى بىرەر يەرگە بېرىشكە رازىلىقى يوق ئولتۇرغان بولسا كېرەك... خىيال ئېكرانىمدىن ئاشۇنداق ئويلار ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۆتتى...

— ھەي، ئۇكام، ئۆي تۇتساڭ بالاغا قالدىڭ، ئۆي تۇتمىساڭ تالادا قالدىڭ، دېگەن گەپ راست، — دېدى ئۇ ئۆزىنى ئاقلىغاندەك، — نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆي ئىشى، ئۆي سېلىش دېگەنلەرنى ئەستىن چىقىرىپتىمىز. ھۆكۈمەت بولسىلا ھەممە نەرسە بولىدۇ دەپ ئويلىغانمۇ - تاڭ، ئۆيدىن غەم يېمەي تۇرۇپلا ئۆتۈپتىمىز. ئەمدى ياش بىر يەرگە بېرىپ كۈچىمىزدىن قېلىپ، ساقال ئەستاغپۇرۇللاغا يەتكەندە، ئۆي غېمىگە چۈشتۇق. ئەينى چاغدا ئەتراپىمىزدىكىلەر ئۆيلۈك يەر ئېلىپ قوي دېسە، كۆڭۈلشىمەپتىمەن. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، شۇ چاغدا دېۋەڭلىك قىلغىنىمغا پۇشايمان يەپ قالدىم. مانا ئەمدى ئۆيلەر بىنالاشتى، ئۆي ئىسلاھاتى ھەممە ئادەمنى ساراسىمىگە سالدى، تاپقان - تەرگىنىمىز ئۆي پۇلى ئۈچۈن كېتىۋاتىدۇ. ۋايساۋاتقان مەنلا ئەمەس. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، ھەر يىلى 5000 ~ 10000 يۈەندىن ئۆيگە پۇل تۆلەۋاتىمىز. بۇ قېتىم ئۆي ئىسلاھاتىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى چىقتى، دەپ ماڭا يەنە 11 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل كەپتۇ، شۇڭا قوراپ - تۆشەپ بولالماي جېنىم ئاران - ئاران قالدى، شۇ پۇلدىن يەنە قانچىلىك كەملەيدىغىنىنى بىلىپ باقاي، دەپ ھېسابات قىلىۋاتاتتىم...

— جەمئىي قانچە پۇل تۆلىدىلە؟

— بىر ئوغلۇممۇ مۇشۇ ئىدارىدە ئىشلەيدۇ، ئىككىمىز ئىككى ئۆي ئالغان، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — ئوغلۇم بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ باھاسىدا پەرق بار، مېنىڭ خىزمەت ئىستاژىم ئۇزاق، رەھبىري كادىر بولغاچقا ئەڭ تۆۋەن باھادا، ئېتىبار سىياسىتى بويىچە 65 كۋادرات مېتىر ئۆيگە 18 مىڭ يۈەن تۆلىدىم، پۈتۈش

تەننەرخى بويىچە بولغاندا يەنە 20 مىڭ يۈەن تۆلىسەم بولاتتى، شۇڭا بۇ قېتىم تۆلىسەم، ھۆكۈمەت ئۆيىنى تولۇق سېتىۋالغان ھېسابلاپ، ئىگىدارلىق قىلىش كىنىشكىسىنى بېرىدىكەن. ئوغلۇمنىڭ خىزمەت ئىستاژى قىسقا، شۇڭا ئۆيىنىڭ پۈتۈش باھاسى بويىچە 60 كىۋادرات مېتىر ئۆيگە 40 مىڭ يۈەن تۆلەيدىكەنمىز... بۇ ئاسان گەپ ئەمەسكەن، خىزمەتچى دېگەن 30 ~ 40 مىڭ يۈەن پۇلنى ئاسان تاپالمايدىكەن، ئېغىزدا دېمەك بەكلا ئاسان ئىكەن، ئۇكام.

— ئۆزلىرى ئۇزۇن مۇددەت رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن، تۆھپىلىرىڭىز كۆپ، ھۆكۈمەت بىر يۈرۈش ئۆيىنى ھەقسىز بەرسە بولاتتى.

— ئۆي ئىسلاھاتى ئىشخانىسى بۇنداق قىلىشقا قەتئىي يول قويمىدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈردۇق دېگەنبىلەن بازاردىكى نەرسە - كېرەكلەرنىڭ باھاسى ئۆستى، 4 ~ 5 يىلدىن بۇيانقى ئۆي ئىسلاھاتى ۋە بۇلتۇردىن بۇيان مەيدانغا كەلگەن ھۆكۈمەت ئۆيىنى 60 ~ 100% تەننەرخ بىلەن سېتىش، سېتىۋېلىش ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىنى ئېغىر دەرىجىدە ھالسىزلاندۇردى، ھۆكۈمەت ئۆي سېتىش ئارقىلىق بىرسى نۇرغۇن مالىيە كۈچى تاپىلىدى، يەنە بىرسى پۇل پاخاللىقىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ھەممىنى بازار ئارقىلىق تەڭشەشكە ئاساس سالدى. ئامال قانچە، ھۆكۈمەتتىن ئاغرىنساقمۇ بولمايدۇ، ئاچ قالمساق، ئىشلىسەك پۇلنى ھۆكۈمەت بەرگەندىن كېيىن كۈنىمىز ئۆدۈللۈق ئۆتەر. قىيىنچىلىق تارتساقمۇ ئۆيگە ئىگە بولىدىكەنمىز!

بۇ ھەقتىكى پاراڭىمىز ئۇزاق داۋام قىلدى. ئاخىردا ئۆي بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئۆي ئۈچۈن پۇل خەجلەشنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇق. شۇ چاغدا ئاشۇنچىلىك پۇلنى بەك چوڭ بىلگەن ئىدۇق. مانا ھازىر

ئۆي باھاسى ھەسسە ـ ھەسسىلەپ ئېشىپ، بىر كىۋادرات مېتىر ئۆي ئەينى يىللاردىكىدىن بەش ـ ئالتە ھەسسە ئېشىپ كەتتى.

ئەسلىي گەپكە كەلسەك، بايىقى پاراڭ بولغان يىللاردىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى كىشىلەر، بولۇپمۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ پاراۋانلىق ئۆيلىرىدە غەم ـ ئەندىشىسىز ئولتۇراتتى. ئىجارىسىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. سۇ، توك پۇلى تۆلىمەيتتى. بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگەردى. دەسلەپ ئۆي ـ ئۆيلەرگە توك سائىتى ئاندىن سۇ سائىتى قويۇلدى. ئىجارە ھەققى تەدرىجىي ئۆستى. رېمونت ھەققى دەيدىغان ھەقلەر بارلىققا كەلدى. ئەسلىدە بۇ توغرا ئىش ئىدى، بۇنى بۇرۇنراق ئەمەلىيلەشتۇرگەن بولسا، بۇگۈنكى كۈندىكىدەك نارازىلىقلارنىڭ ئالدى ئېلىناتتى، ئاغرىنىش كېلىپ چىقمايتتى. گەرچە ھۆكۈمەت بۇ ئىشلارنى ئاستا ـ ئاستا، بىر ـ بىرلەپ كۆندۈرۈپ قىلغان بولسىمۇ، نۇرغۇن ئىش توختاۋسىز ھالدا كىشىلەرگە ئېغىر بېسىم ئېلىپ كەلدى، غەلىتىلىك ھېس قىلدۇرۇپ قويدى، بازار ئىگىلىكىنىڭ نۇرغۇن بوھرانلىرى نارازىلىق، قوبۇل قىلماسلىق، شۇنداقلا توغرا قىممەت قارىشى يېتىلدۈرەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆي ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى، سالمىقى ئاستىلاپ قالمىدى، بەلكى چوڭقۇرلاشتى ۋە تۇرمۇشنىڭ، سىياسەتنىڭ ھەممىلا قاتلاملىرىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ نەتىجە ۋە ئۇتۇق قازاندى، مانا بۇ، ماھىيەتتە ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتىغا توغرا يۈنىلىش كۆرسىتىپ بېرىپ، ئادەملەرنى كىشىلىك قىممەت قارىشى بويىچە ياشاشقا رىغبەتلەندۈردى. بۇنى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنىڭ قىسمەن كۆرۈنۈشى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. ئۆيگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلدى، چۈنكى بۇ خىل تۈزۈمنى ياراتقۇچىلار ئادەم

بولغانلىقتىن، ئۆيگە تەلپۈنۈش دەل ئاشۇ ئادەملەرنىڭ باشقا جانلىقلاردىن پەرق قىلىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. مەيلى كىم بولسۇن، ئۇ ئۆيدىن ئىبارەت ئالاھىدە پاناھلىنىش ئورنىغا ئىگە بولۇش زۆرۈرلۈكىنى تونۇغانلىقتىن، ئۆينى بارلىق ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلغان. شۇڭا، ئۆي خاسلىققا، روشەن چەك - چېگراغا ئىگە بولۇپ، كىشىلەر قەلبىدە مۇقەددەس ئۇقۇم بىلەن قەدىرلەشكە ئېرىشكەن. ئۆيگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھامان يۈكسەك دەرىجىدە قەدىرلەنگەن. ئەمما، تۈزۈلمە، تەرەققىيات، ئىجتىمائىي پائالىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجى ئۆيگە ئىگىدارچىلىق قىلىشنى ئوخشاشمىغان شەكىلگە، ئوخشاشمىغان قۇرۇلمىغا، ئوخشاشمىغان ئىگىدارچىلىققا ئىگە قىلغان، بىراق ئۆيگە ئىگىدارچىلىق قىلىشنىڭ ئەسلىدىكى قىممىتىنى ھېچكىم، ھېچقانداق بىر تۈزۈم تۆۋەنلىتەلمىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئىزچىل تەرەققىي قىلدى، يېڭىلاندى، ئاجايىپ زامانىۋى تۈس بىلەن ھاياتنى ھۇزۇر - ھالاۋەتكە سازاۋەر قىلدى. ئۇنىڭ تاۋارلىق قىممىتىنى تىلغا ئالغاندىمۇ، ئۇنىڭ قىممىتى ھامان ئالتۇندىن ئەتىۋار، پۇلدىن ئۈستۈن تۇرۇپ كەلدى، ئۇنىڭ تاۋارلىق خۇسۇسىيىتى روشەن، مەبلەغ كۆلىمى ناھايىتى زور. ئۆزىنىڭ قىممىتى بىلەن مەبلەغ قىممىتى ئۇنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ، بۇ ھال كىشىلەرگە ھامان بېسىم پەيدا قىلماي قالمايدۇ. ئەگەر پايدىلىنىش قىممىتىنى مۇۋاپىق نىسبەتتە ئاشۇرۇپ، ئەسلىدىكى مەبلەغ قىممىتىنى ياراتمىغاندا، تەرەققىيات، ئوبراز، ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش قىممىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، ئۆي - مۈلۈك چېكىنىش ھالىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ. نۇرغۇن مەبلەغ ئۆلۈك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆيلەرنىڭ شەخسىيلەرگە سېتىپ بېرىلىشىمۇ دەل زور كۆلەمدىكى بېسىلىپ قالغان مەبلەغنى

يىغىپ، دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئۆي - مۈلۈك تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ياخشى ئايلىنىشقا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئۆي - مۈلۈك تىجارىتىنىڭ پايدىسى ناھايىتى زور بولۇپ، كىمكى ئۆي - مۈلۈك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، شەرتسىز ھالدا مۇتلەق كۆپ پايدا ئالالايدۇ، ھەرگىز زىيان تارتمايدۇ. بۇ سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مەبلەغ سالسا بولىدىغان، خەتىرى يوق كەسىپتۇر.

مەن ئىشلەۋاتقان «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىدە بايىقى پاراڭ بولۇۋاتقان يىللاردا 300 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى، 1300 دەك نوپۇس، قەۋەتلىك ئولتۇراق بىناسىدىن بەشى، ئادەتتىكى ئۆيلەردىن ئون نەچچە كورپۇس بار ئىدى. بىنالار كونا، يېڭىلىق دەرىجىسى ۋە كۆلىمى بويىچە بىر يۈرۈشى 12 مىڭ، 24 مىڭ، 30 مىڭ يۈەنگە سېتىپ بېرىلدى. كىشىلەر قىينالسىمۇ، يىغلاپ - قاقشاپ پۇل تېپىپ سېتىۋالدى. ئىدارىدىن يەنە ئۈچ بىنا، 120 ئائىلىلىك ئۆي سېلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئولتۇراقلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ بىنالارنىڭ چوڭ - كىچىك ئۆلچىمى بويىچە ھەربىر ئۆيگە 40 مىڭ، 50 مىڭ، 60 مىڭ يۈەن پۇل تاپشۇرۇش بەلگىلەندى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت يەر ئىگىلەش، يەرلەرنىڭ يېڭى بەلگىلىمە بويىچە ئۆي - مۈلۈك تارماقلىرىغا ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئىدارىنىڭ بىر قىسىم ئولتۇراق رايونى باشقىلارغا سېتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم يەرگە دەممۇدەم بىنا سېلىنىپ، ئولتۇراق ئۆي بىناسى 10 غا يەتتى. ئۇ ئۆيلەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممەت، قىس بولۇپ باردى.

1985 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە شەخسىي ئۆي سېلىش دولقۇنى قوزغالغاندا، يەر سېتىۋېلىپ ئۆي سالغان ئىشچى -

خىزمەتچىلەردىن ئىدارىغا كۆنۈپ قالغان، ئىدىيەسى قاتمال بىر تۈركۈم كىشىلەر شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ سالغان ئۆيلىرىنى يوقىلاڭلا پۇلغا ھېسابلاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئىدارىنىڭ كىچىك ئۆيلىرىدە «خەق نېمە بولسا مەنمۇ شۇ، ئىدارە بولغاندىن كېيىن، ئورۇنلاشتۇرىدۇ» دەپ تۇگۇلۇپ ئولتۇرغانىدى. بۇ قېتىم ئۇلار قاتتىق پۇشايمان يېدى. ئۇلار ئادەتتىكى ئۆيلەرنى بىكارلاپ، بىنا ئۆي سېتىۋېلىشقا مەجبۇرلانغاندىن كېيىن، ئۆزىنى مىڭنى كاچاتلىغان بولسىمۇ، ئۆتكەن ئىش زادى ئەسلىگە كەلمىدى، ھېچكىم ئىچمۇ ئاغرىتمىدى.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كەلگۈسىدە كىشىلەر ئىجارە شەكلىدىكى ئۆيگە ئىگە بولۇش تۈزۈمىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلسىمۇ، بۇ پەقەت ئىشلەتكۈچىلەر بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى «چېگرا» بولۇپ، ئۆيگە مۇتلەق ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ قىممىتىنى ھەرگىز تۆۋەنلىتىۋېتەلمەيدۇ.

بىزدە «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پوت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەن ماقال بار. بۇ ماقالدىن ئېنىقلا چىقىپ تۇرىدۇكى، ئۆز ئۆيى بولسا، ئادەم كۆڭۈل ئازادىلىكىگە، جىسمانىي ئەركىنلىككە ئېرىشكەندەك بولىدۇ. ئەينى چاغدا ئىدارىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى مەمتىمىن ھوشۇر پۇل تاپشۇرغۇچىلارغا مۇنداق دېدى:

— قايسىدۇر بىر ماتېرىيالدا يېزىلىشىچە، قەرز پۇل ئېلىپ ئۆي سېتىۋالغان ئامېرىكىلىق بىر ئايال ئۆمۈر بويى ئىشلەپ، قەرزلىرىنى تۈگەتكەندە كېسەل بولۇپ قاپتۇ ۋە ئۆلۈش ئالدىدا مېنىڭ ئۆز ئۆيۈم بار بولدى. «ئۇھ» ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم، دەپتۇ. جۇڭگولۇق بىر ئايال ئۆي سېتىۋالىمەن دەپ ئۆمۈر بويى پۇل يىغقان، لېكىن ئۆي ئالالماي، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا: مەن ئۆمۈر بويى پۇل يىغقان بولسامۇ ئۆي ئالالمىدىم، مۇرادىمغا يېتەلمىدىم، دەپ ھەسرەت بىلەن كۆز يۇمغان. دېمەك، ئۆيگە ئېرىشىش ئاددىي گەپ ئەمەس، قاراپ تۇرماي ئۆي ئېلىڭلار، بۇ

پۈرسەت، پۈرسەت كەتسە قايتا كەلمەيدۇ، ھەسرەتتە قالىدىغان ئىشقا قالمايلى...

تارىختا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۆي سېتىۋېلىش پۇشايمانغا قالغان ئادەمدىن بىرىنمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئېتىقاندەك «يەر» بىلەن «ئۆي» ئوخشاشلا «ئالتۇن قوزۇق». يەر - زېمىن باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدىغان، مۇستەكۆلاتلارنى ئاسان قىلىدىغان ئەڭگۈشتەر، ھاياتلىق دەسمايىسى. يېقىنقى زامانغا نەزەر سالساق، بىر ئەسىر ئىلگىرى ئۆي سېتىۋېلىپ، باشقا جايغا كەتكەن كىشىلەرنىڭ «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تېپىپتۇ» دېگەندەك ئۆزگىلىپ - چۆرگىلىپ كېلىپ، ئاشۇ ئۆيلەرنى قولغا ئېلىپ، نۇرغۇن پۇلغا ساتقانلىقىنى، بالىچاقىلىرىنى ئۆيگە ئىگە قىلغانلىقىنى ياكى ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىپ نۇرغۇن پۇل تاپقانلىقىنى ئاڭلىدۇق، كۆردۇق. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە، سودا - سېتىق ئوبوروتىغا، ھەتتا دۇنيا سودىسىغا تەسىر كۆرسەتكەن، ئاددىي ئىشتىن روناق تېپىپ، بازار ئارقىلىق كۆزگە كۆرۈنگەن يېڭى دەۋر بايلىرىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا تېخىمۇ ئىستىقباللىق ئۆي - مۈلۈك سودىسىنى تاللىۋالدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆيگە ئىگە بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى شۇقەدەر زور. قەشقەردىكى سەمەن ساياھەت گۇرۇھى، ئۇرۇمچىدىكى گۇاڭخۇي ئۆي - مۈلۈك گۇرۇھىمۇ دەل ئۆي - مۈلۈكنىڭ ئىستىقباللىق سودا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ غايەت زور مەبلىغى ۋە كىشى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان تەرەققىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈشى ئۆي - مۈلۈك كەسپى تىجارىتىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەن ئاددىي بىر مىسالنى تىلغا ئالسام، قېيىنئاتام ئابلا قاسىم ئىدارىدە ئۇزاق ۋاقىت ئۆي - مۈلۈك باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن،

ئۇ ئۆي - مۈلۈك، قۇرۇلۇش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى، ئۆزى گەرچە بىرەر دانە كېسەكنى لايىنىڭ ئۈستىگە ئەپ كەلتۈرۈپ قويالمىسىمۇ، بىر قانچە يىلدىلا ئون نەچچە مىليون يۈەنلىك قۇرۇلۇشنى لاياقەتلىك تاماملاپ، نۇرغۇن كىشىلەرگە يەتكۈزدى ۋە ئۆزىمۇ روناق تاپتى. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

ئۆي سېلىش، ئۆيگە ئىگە بولۇش ناھايىتىمۇ مۇشەققەتلىك ئەمما قىممىتى زور ئىش. ئادەملەر پەقەت ئۆز ئۆيى بولغاندىلا ھەقىقىي يوسۇندا مۇرادىغا يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۆي - ماكانى بولماسلىق تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. شۇڭا، ئۆي ئالغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆي ساتقۇچىنىڭ ئۆزى سالغان ياكى سېتىۋالغان، مىراس قالغان ۋە ياكى ئۆتۈنۈپ بېرىلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ، ئۆزى سالغان بولسا، ئالماق تەس، مىراس قالغان بولسا، ئالماق ئاسان ئىكەن دېگەن خۇلاسىگە كېلىدىكەن.

بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر تىجارەتچى دوستۇم «بىر خورجۇن» پۇلنى ئۈرۈمچىدىن يۈدۈپ كېلىپ ئۆيۈمگە تاشلاپ قويدى. مەن ئۇنىڭغا:

– مۇشۇ پۇلۇڭدىن 10 مىڭ يۈەن بەر، ساڭا قەشقەر شەھىرىدىن بىر كىشىلىك ئۆيلۈك يەر ئېلىپ بېرەي، بىر - ئىككى يۈرۈش ئۆي سېلىپ ئىجارە بەرسەڭ بولىدۇ، كەلگۈسىدە ئەسقىتىپ قالار ياكى تىجارەتتە پالاكەت باسسا كېلىپ ئولتۇرساڭمۇ، ساتساڭمۇ بولىدۇ، – دېدىم.

– نېمە؟ – دېدى ئۇ، – مەن قەشقەردىن ئۆي ئالامدىمەن؟ ياق - ياق! ئۆي ئالسام ئۈرۈمچىدىن ئالىمەن، بۇ قېتىم مەن تېخى يېزىدىكى ئۆيۈمنىمۇ سېتىۋېتەيمىكىن دەۋاتىمەن، – دېدى.

ئۇ دېگىنىدەك قىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن بىر ئاخشىمى ھېلىقى دوستۇم خوتۇن، بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيۈمگە سولغۇن ھالەتتە كىرىپ كەلدى. ئۇ تىجارەتتە ۋەيران

بولۇپ ئۈرۈمچىدە تۇرالماي، دوختۇرخانىدا داۋالاتقان بالىسىنىڭ داۋالىنىش پۇلىنى بەرمەي قېچىپ كەپتۇ، يېزىغا بېرىشقا يۈزى چىدىماي، قەشقەر شەھىرىدە ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇردى، بىچارە ئاغىنەم ئەرزان ئىجارىلىك ئۆي ئىزدەپ ھەپتىدە بىر كۆچكەندەك بىسەرەمجان بولۇپ ياشىدى. مېنىڭ ھېلىقى چاغدىكى مەسلىھەتىمگە قۇلاق سالمىغىنىغا ئۆكۈنۈپ ھەسرەت چەكتى. ئامال قانچە؟

يېقىندا بىرەيلەن قوشنىمىزنىڭ ئۆيىنى ئىجارە ئېلىپ كۆچۈپ كىردى، بۇ ئەر - خوتۇنلارنىڭ يەتتە بالىسى بار بولۇپ، ئىككى قىزىنى ياتلىق قىپتۇ، لېكىن ئولتۇرىدىغان ئۆيى يوق ئىكەن. ئەر - خوتۇنلارنىڭ دېيىشىچە، ياش چاغلىرىدا ئاتا - ئانام بولغاندىكىن دەپ، ئۆي سېلىشقا ياكى ئېلىشقا قىزىقماپتۇ. ياش بىر يەرگە بارغاندا بالىلار كۆپىيىپتۇ، خەج - خىراجىتى ئېشىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆي سېلىشقا قۇربى يەتمەپتۇ. شۇڭا، ھازىر ھە دېسە ئۆي كۆچۈش بىلەن ئاۋارە ئىكەن. بۇنداق ئىشلار خېلى بار. سىڭلىمنىڭ بىر قوشنىسىمۇ شۇنداق ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ توققۇز بالىسى بار. ئەر - خوتۇن بانكا خىزمەتچىسى بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئۆيىگە كۆنۈپ قالغان، ئۆزىگە ئۆي سالمىغان. ئاخىر بالىلار بىلەن پېتىشماي ھۆكۈمەت ئۆيىدە قىستىلىپ تارتمىغان ئازابلىرى قالمىغان. ئوغلىنى ئۆيلىگەندە ئۆزلىرى ئىشخانىغا چىقىپ يېتىشقا، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۆي سالاي دېسە، كىرىمى چىقىمىنى قامدىيالمىغان. بالىلىرىمۇ تۇرمۇشىنى ئاران - ئاران قامدىغاچقا، ئاتا - ئانىسىدىن ئاغرىنىدىكەن!

بۈگۈنكى دەۋر نوپۇس شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتقان، جەمئىيەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋر بولغاچقا، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئۆيگە بولغان ئېھتىياجنى ئاشۇردى. شۇنداقلا تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى كىشىلەرنى يۇقىرى

ئىستېمالغا قىستىدى. بۇ ھال ئۇلتۇراقلىشىشتا يۇقىرى سۈپەت، ئالاھىدە بېزەكچىلىك ئاساسىدا زامانغا يارىشا مەنىۋى زوق بېرەلەيدىغان ئائىلە مۇھىتىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆي - مۈلۈك سودىسى ۋە ئۆي - مۈلۈكنىڭ تاۋارلىشىشى تېز راۋاجلاندى. شۇڭا، پۇل تاپقاندا، باشقا زۆرۈرىيەتلەر قاتارىدا ئولتۇراق ئۆي ئۈچۈن پۇل خەجلەش بولسا، جايىدا پۇل خەجلىگەنلىك بولىدۇ. مەن «كاساتلاشقان داغۋازلىق ـ شەھەردە ئۆيۈم بار!» دېگەن تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يېزىش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، 1995 - يىلىدىن بۇيان، قەشقەر شەھىرىدە 200 نەچچە ئىدارە - ئورگان ئۆي ئىسلاھاتىغا قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت ئۆيلىرىنى شەخسىيلەرگە سېتىپ بەرگەن، شەھەرگە تەۋە يېزىلار بىلەن مەيدانلاردىكى دېھقانلار ۋە شەھەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىدىن نەچچە ئون مىڭ ئادەم ئۆيلۈك يەر ئېلىپ ئۆي سېلىپ چىقىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن شەھەر ئىچىدە قىستىلىپ ئولتۇرىدىغان نۇرغۇن ئادەملەر تارقاقلىشىپ، ئولتۇراق ئۆيگە بولغان بېسىم سەل ئازايغان بولسىمۇ، ئەمما ئېھتىياج داۋاملىق ئۆرلەش ھالىتىدە تۇرغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆي - مۈلۈك تىجارىتىگە مەبلەغ سېلىش، پۇل تېپىش، باي بولۇشنىڭ مۇھىم بىر يولىدۇر.

ئۆي ـ ئادەملەرنىڭ پاناھلىنىشتىكى مۇھىم جايى، تۇرمۇشنىڭ ئىستىھكامى ۋە قوغدىغۇچىسى. ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ھايات خاتىرجەم، باياشات، ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆي سېلىشقا، ئۆي سېتىۋېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئاتا - ئانىلار يېتەكچى بولۇشى كېرەك. يېزىلارغا بارساق، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالاغەتكە يېتىۋاتقان بالىلارغا ئاتاپ ئۆي سېلىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. شەھەرلەردە بولسا، مىراس قالدۇرۇشنى ئاساس قىلغان

بېكىنمە ئۇسۇل مەۋجۇت. بۇ ئىككى خىل ئەھۋال روشەن خاسلىقتا ۋە ئارتۇقچىلىق، يېتەرسىزلىككە ئىگە. مېنىڭچە، مەيلى شەھەر ياكى يېزا - بازار بولسۇن، بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ پۇل توپلاپ، مۇستەقىل ھالدا ئۆي سېلىش، ئۆي سېتىۋېلىش تەربىيەسىنى ئىشلەپ، بۇ جەھەتتە يۆلىنىۋېلىش، بېقىنىۋېلىشتىن قۇتۇلدۇرۇش كېرەك. ئۆيگە كۆپ مەبلەغ كېتىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭ تەخىرسىزلىكى بەك يۇقىرى ئەمەس. شۇڭا، بىر قانچە يىلدا سالسىمۇ، چوڭ - كىچىك سالسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ياخشى ئۇسۇل ھەر يىلى ئاز - ئازدىن سېلىش ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا ئىش قىلىش كېرەك. بۇ يېتەرلىك پۇلى بارلارغىمۇ، پۇلى ئازلارغىمۇ، دەماللىققا پۇلى يوقلارغىمۇ ماس كېلىدىغان ئۇسۇلدۇر. بۇنداق بولغاندا تۇرمۇشنى نورمال قامداشقىمۇ، تىجارەت ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈشكىمۇ، خىزمەتنى نورمال ئىشلەشكىمۇ ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

پۇل — بىلىم، كۈچ توپلاش ئۈچۈندۇر!

ئالدىنقى كىتابلاردا دەپ ئۆتكەندەك، پۇلغا كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان تەبىرلەرنى بەردى، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچە، قاراشلارمۇ ئوخشاش بولماي كەلدى. ئەمما، پۇل تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى ئالاھىدە ۋاستە ۋە نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەشتىكى ئۆلچەم بولۇشتىن ئىبارەت خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتمىدى. دەل مۇشۇ نۇقتىدا ئۇ ھەممىگە تەڭ، ھەممىگە ئورتاق بولۇشتەك ئوبرازىنى ئىزچىل نۇرلاندۇرۇپ، كىشىلەرگە سۆيۈنۈش، مۇھەببەت، قىزغىنلىق ئاتا قىلىپ كەلدى. بىرى مەندىن سوراپ قالدى:

— پۇل كۈچنىڭ مەنبەسىمۇ ؟

— قانداق دەيسىز؟

— ھازىرقى جاھاندا پۇلى بارنىڭ كۈچى بار، پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ بولۇپ قالدى. سوت،

ئەدلىيە تارماقلىرىمۇ پۇلى بارنىڭ گېپىنى قىلىدىكەن.

— بۇ بىر ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ، مەلۇم دەۋرگە بارغاندا تۈگەيدۇ. پۇلنىڭ كۈچى مەسىلىسىگە كەلسەك، نۇرغۇن تەرەپلەرگە باغلىق. ئۇ ماددىي جەھەتتىن ئالغاندا، قىسمەنلىك ئىچىدە پۇلنىڭ كۈچكە ئايلىنىپ ئۆزىنى نامايان قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، چۈنكى پۇل ئۆز نۆۋىتىدە بىر خىل ماددىي ۋاسىتىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ، مانا بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇ كۈچكە ۋەكىللىك قىلىپمۇ قالىدۇ، مەسىلەن ئالايلۇق، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشتا، نۇرغۇن ئەمگەك كۈچىگە تايىنىپ، مەلۇم بىر توسمىنى قوغداپ قالالماسلىقىمىز مۇمكىن. ئەمما، پۇل چىقىرىپ زامانىۋى ئەسلىھەلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئادەم كۈچى بىلەن يەنە بىر قارشى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، سۇنى توسۇۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ بىۋاسىتە بولماستىن، پەقەت ۋاسىتىلىك بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، پۇل كۈچنىڭ مەنبەسى بولالايدۇ. پۇلنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىلىم ئىگىلەپ، بىلىمنى كۈچكە، بۇ كۈچنى يەنە پۇلغا ئايلاندۇرغىلىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئالاھىدە، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن تەرەپلىرىمۇ بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم شارائىت - باسقۇچ، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق بولىدۇ. «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ» بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇنداق بىر قانچە تەرەپ ۋە ھادىسىلەرنىڭ تەسىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەمما، بىلىمى بارنىڭ ئالدىدا پۇلى بارنىڭ گېپىنىڭ ئوڭ بولۇشى ناتايىن. بىزدە «بىلىكى يوغان بىرنى يېڭەر، بىلىمى يوغان مىڭنى يېڭەر» دېگەن ماقال بار. پۇل ھېچقاچان بىلىمنىڭ ئالدىدا تۇرالمايدۇ.

— جەمئىيەتنى چۈشىنىپ بولغىلى بولمىدى، قايسى توغرا قايسى خاتا، نېمە نېمىنى بۇزدى، نېمە نېمىنى تۈزىدى، بۇلارنىمۇ ئايرىغىلى بولمايۋاتىدۇ...

– ياق، ئىش ئۇنچىۋالا دەپ كەتكۇدەك ئەمەس...

... مەن دائىم مانا مۇشۇنداق تالاش ـ تارتىشلارغا ئۇچراپ تۇرىمەن، گاھىدا شۇنداق چوڭقۇر پىكىرلەرنى قىلغۇم، قايىل قىلارلىق قائىدىلەرنى سۆزلىگۇم كېلىدۇ، ئەمما، مەن بىلەن دەتالاش قىلغانلارنىڭ ئاخىرقى چۈشەنچىسى يەنىلا ئۆزى ئويلىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ، خالاس. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى! ئىلاجسىز توختاپ قالىمەن. بۇ ھەقتە چوڭقۇرلاپ ئويلاپ قالغان چاغلىرىڭدا، بۇنداق جاھىللىقنىڭ مەنبەسى دەل نادانلىق، بىلىمسىزلىك ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇرىسەن. راست، بىلىمسىز- لىك، نادانلىق بىزنى يېڭىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى توپ سەۋەب بىزنىڭ بىلىمگە، بىلىم ئىگىلەشكە مەبلەغ سالمىغانلىقىمىزدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، نامراتلىق ۋە يۆلىنىۋېلىش ئىدىيەسىنىڭ تەسىرى بىزدە بېكىنمە ھالدىكى ئىگىلىك تىكلەش، ياشاش مەنتىقىسىنى يېتىلدۈرۈپ، «داش قازان» غا مەپتۇن بولۇش، «تۆمۈر دەپتەر» گە ئۆتۈپ، تۇرمۇشتا مەڭگۇ بىخەتەرلىككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىستەك ئىسكەنجىسىدە يۈردۈق. بۇ بىزنى بىلىم ۋە ئىگىلىك ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش، تەربىيەلىنىش ئۈچۈن ۋاقىت ۋە كۈچ سەرپ قىلىشتىن چەتتە قالدۇردى. ئوقۇتۇشتىكى مۇۋاپىق بولمىغان تۈزۈم، ئىمتىھان ئېلىشتىكى يوچۇق، تەقسىماتتىكى ئېگىز ـ پەسلىك قاتارلىقلار ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بىلىم ئېلىش، تەربىيەلىنىپ ئىقتىدارلىق بولۇش تۇيغۇسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، شەكىللىۋازلىق، رەڭۋازلىق بىلەن پۇرسەتپەرەسلىك ئىللەتلىرىنى بىخلاندۇردى ۋە ئۇنىڭغا كەڭ پۇرسەت ياراتتى، ئىمكانىيەت تۇغدۇردى. گەرچە نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ تەربىيەلىنىش ۋە بىلىم، ئىقتىدار ئىگىسىگە ئايلىنىشىغا مەبلەغ سالغان بولسىمۇ، بۇ مەبلەغ پەقەت ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش، شەكىلگە ئوقۇغان بالىلىرىنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ياخشى، مۇقىم ئىش ئورنى، يۇقىرى ئىش ھەققى بار جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن زور

مەبلەغ سالدى ۋە بەدەل تۆلىدى. پەقەت ئۇلار ئۇچۇن ئاشۇنداق ئەخمىقانە هالدا سېلىنغان مەبلەغ ئۆزىنى ۋە باشقا ئەۋلادلارنى پۇشايماندا قالدۇرىدىغان نەتىجە ئېلىپ كەلدى. ئۆزلىرىنىڭ بىلىم ئېلىشى ئۇچۇن پەقەت مەبلەغ سالمىدى. ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ بىلىم - ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۇچۇن ئاز - تولا مەبلەغ سالغان بولسا ئىدى، ئۇ هالدا ئاز - تولا بىلىم ئىگىلەپ، بالىلارنىڭ تەقدىرى ئۇچۇن ئەخمىقانە ئىشقا مەبلەغ سالماي، هەقىقىي بىلىم ئېلىشقا سالغان بولاتتى. ئاتا - ئانىلارنىڭ بىلىمسىزلىكى ئۇلارنى خۇشامەت، پارا بېرىش، ۋىجدانغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىشقا ئېلىپ بارغانلىقتىن، ئۇلار تەربىيەلىگەن نوتىلارمۇ ياخشى تەربىيەلىنىشتىن يىراقتا قالدى. يۇقىرىدا مۇنداق بىر ئۇقۇمنى دەپ ئۆتتۇق، دىۋانىنى دىۋانە قىلغان ئۆزىمىز، چۈنكى ئۇلارغا بىر نەرسە بېرىپ كۆندۈرىمىز. ئەگەر بىز بىر نەرسە بەرمىسەك، ئۇلار تىلەپ - تىلەپ نەپ چىقمىغاندىن كېيىن توختاپ قالاتتى، كەسپىي دىۋانە بولۇپ قالماسلىقى مۇمكىن ئىدى. بالىلارنى دەپ پارا بەرگەنلىكىمىز ئۇچۇن باشقىلارمۇ پارىخور، تەمەخور بولۇپ قالغان.

ئەتراپىمىزغا نەزەر تاشلىساق، مەن بىلەن ئىشلەيدىغان بىر شائىر بولۇپ، ئۇ ناهايىتى تىرىشچان ئادەم. ئۇ توختىماي ئۆگىنىدۇ. ئۆيىدە كىتابلىرى شۇنداق كۆپكى، هەر ئايدا بىر نەچچە پارچە كىتاب سېتىۋېلىشنى ئادىتىگە ئايلاندۇرغان هەم ئۇدۇللۇق ئوقۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىلىمىنى ئۇزۇكسىز تولۇقلاپ بارغان. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى، ئىككى قىزى بار. ئائىلە بويىچە ئۆزىلا ئىشلەيدۇ، ئايالى ئائىلە ئايالى. ئويلاپ باقايلى، بىر ئادەم ئىشلەپ ئالغان ئازغىنە مائاش بىلەن تۇرمۇشنى قامداپ، بالىلارنى ئوقۇتۇپ، كىتاب ۋە تۈرلۈك ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ، ئەل قاتارى كۈن ئۆتكۈزىدۇ، بۇنداق قىلىش هەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. ئەمما، ئۇ بىلىمگە مەبلەغ سېلىشتىن زادىلا ئۆزىنى

قاچۇرۇپ باقمىغان. باللارنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئاددىي - ساددا تۇرمۇش، تەرتىپلىك، ئىزچىل ئۆگىنىشتەك روھ ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغاچقا، پەرزەنتلىرى ئىزچىل ياخشى، ئەلا دەرىجىدە ئوقۇپ، دۆلەتلىك ئىمتىھانلاردىن يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتتى ۋە تالانت، ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئوقۇغىنىغا يارىشا مۇناسىپ ئورۇنلاردىن خىزمەت تاپتى. بۇ باللارنى ئوقۇشقا ئۆتكۈزۈش، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاتا - ئانىسى يول ماڭىدىغان ئىشنى قىلمىدى.

قېيىنئاتام ئابلا قاسىممۇ بەلگىلىك ئىقتىدارغا ئىگە ئادەم، ئۇ ھېلىمۇ دائىم بىلىم تولۇقلاپ تۇرىدۇ. جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ئۈستىدە داۋاملىق ئەستايىدىل، ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزىدۇ، يېڭى ماتېرىيال - كىتابلارنى ئوقۇشنى تەرك قىلمايدۇ . ئىلمىي مۇنازىرىلەرگە قىزغىن ئىشتىراك قىلىدۇ. بۇ تىرىشچان ئادەم، مەيلى خىزمەتتىكى چاغلار بولسۇن، مەيلى يېشى توشۇپ دەم ئېلىشقا چىققاندا بولسۇن، بىلىم ئېلىشنى بىر مىنۇتمۇ توختىتىپ قويمىغان، پەرزەنتلىرىنىمۇ ياخشى تەربىيەلەپ، جەمئىيەتكە ياراملىق بىلىم ئەھلىگە ئايلاندۇرغان. ھەتتا ھەج قىلىش ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپ، نامرات ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ باللىرىدىن ئون نەچچىسىنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بەرگەن. ئۇلاردىن ئىككىسىنى ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ تەربىيەلەپ، ئۆزى پۇل چىقىرىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتتى. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن مەبلەغ سالدىكى، خۇشامەت ۋە باشقا ۋىجدانغا خىلاپ ئىشلار ئۈچۈن بىر تىيىنمۇ خەجلىمىدى. ئۆز دادامنى ئالساممۇ، ئۆز زامانىسىدا بىلىمى مول، يۇرتىمىزدا تۆتنىڭ بىرى ئىكەن ۋە يۇرتمۇ يۇرت يۈرۈپ، ھۈنەر - كەسىپ ئىگىلەپ، ئىقتىدار يېتىلدۈرگەنلىكى مەلۇم. ئۇ مېنىڭ ئوقۇشۇم

ۋە بىلىم ئېلىشىم ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن... بۇنىڭغا ئائىت يەنە نۇرغۇن مىساللارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشنى بىلمەي، بالىلارنىڭ تەربىيەلىنىشى ۋە بىلىم ئېلىشىغا ياخشى تەسىر كۆرسىتەلمەي، ياخشى تەربىيەلەش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. بىلىش كېرەككى، ساختا .تەربىيەلەشكە كېتىدىغان كۈچ ئىنتايىن چوڭ بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئاۋارىچىلىك، بىچارىلىك ئىنتايىن كۆپ ۋە ئېغىر بولىدۇ. ھەر قانداق ئادەمنىڭ چىقىش يولى، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ساختا ئىش ئۈچۈن سالغان مەبلەغدىن تېپىلمايدۇ، پەقەت ھەقىقىي يوسۇندىكى بىلىم ۋە بىلىم ئىگىلىكى ئۈچۈن سالغان مەبلەغقە باغلىق بولىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ھەقىقىي بىلىمى بار كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندە شاللىنىشتىن ساقلىنىپ قالدى، ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي، قىممەت قارىشى بىلىمسىز، ئىقتىدارسىز ساختىپەزلەرنى ئىش ئورنىدىن ئايرىدى. گەرچە بىر تەرەپلىمىلىك بولسىمۇ، دەۋر شۇنداق جار سالدى: «ئەسلىدىكى ئىش ئورنىڭىزدا ئىشلىيەلمىسىڭىز يېزىغا چۈشۈڭ، يېزىدىمۇ ئىشلىيەلمىسىڭىز كەنتكە چۈشۈڭ، كەنتتىمۇ ئىشلىيەلمىسىڭىز قايتىپ قېلىڭ.» («قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1999 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈندىكى سانىغا قارالسۇن). «لاياقەتسىز خادىملار ئاڭلاپ قويۇڭلار! سىلەرگە يېزىدىمۇ ئورۇن يوق!»

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بىلىمسىزلىك ــ لاياقەتسىزلىك، لاياقەتسىزلىك ــ ئىقتىدارسىزلىق بولۇپ، ئۇلار تارىخنىڭ شاللىشىغا ئۇچرايدۇ، ساختا بىلىم ئىگىلىكى ئۈچۈن مەبلەغ سالغان كىشىلەرمۇ، شۇ كىشىلەرنىڭ ناكەس بالىلىرىمۇ ئەمدى پۇشايمان قىلدى، ئۆزىنى مىڭنى كاچاتلىدى - يۇ، يەنە كونا پەدىگە دەسسەشتىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى. يەنى بىلىم ئېلىپ، بىلىم تولۇقلاپ، ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى تۈزىتىش،

يېرىم قالغان قاچىنى تولدۇرۇشنىڭ كويىدا بولمىدى. بۇ تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟! ئادەم ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئۆزىنى يېتىلدۇرۇشنى بىلمەيدىكەن، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. («قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى سانىدىن).

بىلىم ئىگىلىكى ئاتالغۇسى يېڭى ئاتالغۇ بولسىمۇ، ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانىيەت بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بىر خىل ئىجابىي ئۇقۇم. شۇنداقلا كىشىلەرنى پارلاق ئىستىقبالغا باشلاپ بارىدىغان ئەڭگۈشتەر. كىم بىلىمدە كامالەت تاپسا، تارىخ بەتلىرى ئۇنىڭغا كەڭ ئېچىلىدى، ھايات ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ھامان ئىللىق چىراي بىلەن باقتى. ئىقتىدارلىق كىشىلەر بىسىلىپ قالسىمۇ، كۆمۈلۈپ قالمىدى. تۆمۈر تاۋاق چېقىلغاندىن كېيىن، بىلىم ئەھلىلىرى ئاجايىپ كۈچ سۈپىتىدە دەۋر ئېقىمىنى جانلاندۇردى. ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر: «ئوقۇغانلارنى ھۆكۈمەت تەقسىم قىلمىسا، بالىلارنى ئوقۇتقاننىڭ نېمە پايدىسى؟» دېمەكتە. مانا بۇ دەل نادانلىقنىڭ ئىنكاسى. ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ھۆكۈمەت تەقسىم قىلمىسا رىقابەت كەسكىن بولىدۇ. بىلىم ئالىدىغانلار ساختىلىقتىن خالىي بولغان ھالدا ئىقتىدار يېتىلدۇرۇشكە تىرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدار، كارامىتى بولسا، ھۆكۈمەت تەقسىماتىنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانسا، يېڭىلىق ياراتسا، ئىگىلىك تىكلىسە، كارخانا قۇرسا، تەتقىقات بىلەن مەشغۇل بولسا ياكى باشقا ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ. بالىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن خۇشامەتكە سالغان مەبلەغنى ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىشىغا، ئىگىلىك تىكلىشىگە سەرپ قىلسا، ئۇلار ھاياتتا تېخىمۇ ياخشى، مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. كادىرلارنى ئىشقا قويۇشنى، ئىشچى ئىشلىتىشنى تۇراقسىزلاشتۇرۇش، توختاملىق، ۋاقىتلىق ئىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان

تەشكىلاتلارنى جانلاندۇرۇش، خادىملارنى شۇ خىل جايلارغا جەلپ قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە پايدىلىق پۇرسەت ۋە پۇل تېپىش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەتنىڭ تەقسىماتنى يېتەكچى قىلماي، ئىقتىدارنى يېتەكچى قىلىدىغان مېخانىزمنى ياقلاش كېرەك. تەقسىمات قىلماسلىق قورقۇنچلۇق ئەمەس، بەلكى ئۇ كىشىلەرنى يېڭىچە يول تۇتۇپ، بىلىم ئىگىلەشكە يېتەكلەيدىغان بىر تۈرتكىدۇر. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، بىلىمنىڭ پۇلغا، كۆچكە ئايلىنىشى ئاسان ئىشقا ئاشمايدۇ. ئۇ خۇددى پۇلنىڭ كۆچكە ئايلىنىشىغا ئوخشاش بىرقانچە جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەندە، ئاندىن ماددىي مەھسۇلات ھاسىل قىلىش باسقۇچىغا كىرىدۇ. يەنى نوقۇل ھالدىكى بىلىملا بولۇپ، شەرت - شارائىت بولمىسا، جانلىق ئىشلىتىشنى بىلمىسەك، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىمىز بولمىسا، بىلىمنىڭ قىممىتى نۆلگە تەڭ بولىدۇ ياكى ھەقىقىي قىممىتىنى تاپالمايدۇ. ئۇ ھالدا پۇل بىلىمنى مونوپول قىلىۋالىدۇ، پۇل بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، ئىلگىرى سۈرىدۇ، پۇل مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بىلىم تولۇقلاشتا ماددىي ۋاسىتىلىك رولىنى ئوينايدۇ، يەنى بىلىمنى بىۋاسىتە پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمىسىمۇ، پۇلنى ۋاسىتە قىلىپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئەمما، ئەقىل - پاراسەتنىڭ پۇل ئالدىدىكى ئومۇمىيلىقى يەنىلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا پۇل ئەقىل - پاراسەتنىڭ باشقۇرۇشى، كونترول قىلىشىغا بويسۇنىدۇ. پۇل ئەقىل - پاراسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان «چاكار» ھېسابلىنىدۇ.

بىلىم — ئىگىلىك تىكلەشنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا بىلىم ئەڭگۈشتەر ئىگىلىك ھېسابلىنىدۇ. يەھۇدىي مىللىتى بۈنىڭغا خېلى بۇرۇنلا ئەستايىدىل قارىغان ۋە ئۇنى يېتەكچى قىلىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان. غايەت زور بايلىق ۋە

ئىجادىيەت يارىتىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى قارىشى مۇكەممەل، چۈشەنچىسى چوڭقۇر، ئەقىدىسى مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇلار «ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەممە مال - دۇنياسى ھامان بۆلۈنۈپ كېتىش، يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ، لېكىن بىلىم بىلەن ئىقتىدارنى خالىغان بىر كىم بۆلۈۋالالمايدۇ، ئۇنى ئۆمۈر بويى ئېلىپ يۈرگىلى بولىدۇ، ئۇ ئۆمۈر بويى مەنپەئەت ئالغىلى بولىدىغان تۈگىمەس بايلىق» دەپ قارايدۇ. ئاتا - ئانا بولغۇچىلار ئوغۇل - قىزلىرىنى ياخشى تەلىم - تەربىيەگە، بىلىم، ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئائىلىسى، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا - دەپىنىسى تۈگەپ كەتكۈچە قورقماي مەبلەغ سالىدۇ. مانا مۇشۇنداق مائارىپ تەربىيەسى يەھۇدىيلارنى مەيلى ئىسرائىلىيەدە بولسۇن، مەيلى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا بولسۇن، يۇقىرى ئابرۇيغا، پەۋقۇلئاددە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىگە قىلغان. بىز ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بىلىم - ئىقتىدارغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە نەزەر سالساقمۇ نۇرغۇن ياخشى پاكىتلارغا ئېرىشىمىز. ئامېرىكا 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بىلىم ئىگىلىرى ۋە ئىقتىساد ئىگىلىرىنى كۆپلەپ جەلپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلەتكەن. دۆلەت ئالىملارغا، دوختۇرلارغا ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە زور مىقداردا پۇل بەرگەن ھەمدە ئىقتىدار ئىجادىيىتىنى قوللاپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىگە كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ ئاجراتقان ۋە ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى مۇكاپاتلىغاندىن باشقا، پاتېنت ھوقۇقى بېرىش، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق، بىلىمنىڭ تاۋارلىشىشىنى تېزلەتكەن. بۇ ھال ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى، سانائەت ۋە تۇرلۇك كەسىپلەرنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۈنىڭ بىلەن ئامېرىكا كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكەن؛ ياپونىيە بىلىم ئىگىلىرى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن

يېتىشتۈرگەن. بولۇپمۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇلار تېنچ تەرەققىي قىلىش يولىدا مېڭىپ، ئىختىساس ئىگىلىرى بىلەن بىلىم ئەھلىلىرىگە زۆرۈر بولغان ماددىي شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن. ئۇلارنى قەدىرلىگەن ۋە ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. بىلىم، ئىقتىدار ئىگىلىكىنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۇنيانىڭ ھەممە جايىنى ياپونىيە شىركەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى قاپلاپ كېتىشتەك ئاجايىپ ئۇتۇقنى قولغا كەلتۈرگەن. يېقىنقى يىللار مابەينىدە جۇڭگودىمۇ بىلىم ئىگىلىكى ئەۋج ئېلىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ھەرقانداق چاغدىكىدىن يۈكسەك بولدى. «بىلىم - كۈچ» دېگەن مەشھۇر سۆزنى قىبىلنامە قىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەردە زور نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ زور بىر تۈركۈم بىلىم، ئىقتىدار ئىگىلىرى مەيدانغا كېلىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى، نېفىت سانائىتى، مېتاللچىلىق، ئېلېكتىر ئېنېرگىيە، يېزا ئىگىلىك، مۇھىت، سۇ - تۇپراق، شۇنىڭدەك قاتناش - ئالاقە، يەرلىك سانائەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى دۇنيا سەۋىيەسىگە يېقىنلاشتۇرۇشتەك ئۇلۇغ مۆجىزىلەر يارىتىلدى. مانا بۇ ھەرقايسى ساھەلەردە بىلىم، ئىقتىدار ئىگىلىرىنى قەدىرلەشتەك ئومۇمىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشتە بىۋاسىتە رول ئوينىدى.

شۇڭا، پۇل تاپقاندا بولسۇن، پۇلىمىز ئۆكسۈپ قالغاندا بولسۇن، بىلىم ئىگىلىكى ئۈچۈن پۇل خەجلەشنى ھاياتلىق بۇرچى دەپ قاراش، بۇنى بىر خىل دانالىق ھېسابلاش كېرەك. بۇ، پۇل خەجلەشتە ئىككىلەنمەيدىغان يەنە بىر نىشان ھېسابلىنىدۇ.

## ھۈنەر - كەسىپمۇ پۇلغا بېقىنىدۇ

بىزدە «ئەر كىشىگە 70 تۈرلۈك ھۈنەر ئازلىق قىلار»

دەيدىغان ماقالمۇ بار. بۇلار ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە بولۇپ، مەيلى ئۆتكەن زامانغا نەزەر سالايلى، مەيلى بۈگۈنكى دەۋرگە نەزەر سالايلى، ھۈنىرى بارلارنىڭ كۈنى ياخشى، تۇرمۇشى پاراۋان، ھۈنىرى يوقلارنىڭ ھامان ئەھۋالى ناچار. بۇ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر. شۇڭا، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھۈنەر - كەسىپ ئىگىلىشى، ئۇنى ھالال ياشاشنىڭ ئاساسى قىلىشى كېرەك. بۇنىڭغا ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئەستايىدىل قارىغان. شۇنداقلا ئەۋلادلارغا بىر خىل بايلىق يارىتىدىغان ۋاسىتە سۈپىتىدە ئۆگىتىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ كەلگەن. ھۈنەر - كەسىپنى ۋە ھۈنەر - كەسىپ ئەھلىنى ئىزچىل قەدىرلەپ، ھاياتلىق، تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان. جىسمانىي كۈچ - قۇۋۋەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەرلەرگە ئەرلەرگە خاس ھۈنەر - كەسىپنى، ئاياللارغا ئاياللارغا خاس ھۈنەر - كەسىپنى ئۆگىنىشنى تەكىتلىگەن. ئاتا - بوۋىلىرىمىز يەنە ھۈنەر - كەسىپنىڭ خاسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى، ماقال - تەمسىللەرنى ئىجاد قىلىپ، ئەۋلادلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرغان.

ھۈنەر - كەسىپ ئىگىلەش ئۈنچىۋالا ئاددىي چاغلايدىغان ئىشمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى رولىنى تۆۋەن چاغلاشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا نەچچە ئونمىڭ خىل ئىش تۈرى ۋە كەسىپ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دائىم ئېھتىياجلىقلىرى ۋە ئانچە زۆرۈر بولمىغانلىرى بار. شۇڭا، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاشۇ تۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ كېتىشى، بىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ھەقىقىي كەسىپ ئەھلىلىرى دەل بىز دەۋاتقان ھۈنەرۋەن - كاسىپلار بولۇپ، ئۇلار بۇ كەسىپنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ چىقىش يولى قىلىپ

تاللىغانلاردۇر. بۇ خىل كىشىلەر ئۆگىنىشكە ۋاقىت سەرپ قىلىش ۋە تەكرار ئىشلەش نەتىجىسىدە ھۈنەرۋەن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ھۈنەر - كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى دەل مانا مۇشۇنداق بىر قاتار جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ كامىل ئۇستىلارغا ئايلىنىدۇ. كەسىپ تۈرلىرىدە بەزىلەر بىر ھۈنەرنى، بەزىلەر بىرنەچچە خىل ھۈنەر - كەسىپنى قىلالايدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ. ھەممە كەسىپ - ساھەدە يۈرۈشلەشكەن، قابىل ھۈنەرۋەن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشمۇ مۇمكىن، دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ شاللىنىپ كېتىدىغانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ھۈنەر - كەسىپنى، بولۇپمۇ شۇ كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك كەسپي ئىقتىدارنى ئۈزۈكسىز يېڭىلاپ، ئۆزگەرتىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى كەسىپلەر كۆپ ھاللاردا تۇرمۇشنىڭ تولۇقلىغۇچىسى سۈپىتىدە داۋاملىشىدۇ، يەنە بەزىلىرى تەرەققىيات ۋە ئېھتىياج تۈپەيلىدىن رەسمىي قول ئىگىلىكىدىن سانائەت ئىگىلىكىگە تەرەققىي قىلىپ، مونوپول تۈر، كەسىپ بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ھۈنەرنىڭ بۇ خىل شەكىلگە كىرىشى ئۈچۈن نۇرغۇن جەريان كېتىدۇ. ھالبۇكى، ھۈنەرنىڭ راۋاجى يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، ئىپتىدائىي قول ئىگىلىكىدىن ئۈزۈل - كېسىل ئادا - جۇدا بولۇپ، نۇرغۇن ھۈنەرۋەنلەرنى قىلىۋاتقان ئىشىدىن، يەۋاتقان ئېشىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. ھازىرقى زامان سانائەت ئىگىلىكى دەل بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

ئالايلۇق، بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا، دادامغا ئوخشاش باش كىيىمى تىكىدىغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ بازىرى ناھايىتى ئىتتىك ئىدى، ھەتتا دادام «جۇمە تۇماق» دەپ نام چىقارغان. ھازىر باش كىيىمى تىكىش بىر تەرەپتىن ماشىنىلاشتى، يەنە بىر تەرەپتىن زامان تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، باش كىيىمى كىيىش تەدرىجىي مودىدىن قالدى. شۇڭا، ئەمدىلىكتە دادام ئاساسلىق كەسپى بولغان دېھقانچىلىقنى قىلىش بىلەن بىللە، مەبلەغ سېلىپ،

جەمئىيەت ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان باش كىيىم تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى، يول تاپالماي قالغان شاگىرت ۋە پەرزەنتلەرنى يېتەكلەپ، سانائەت خاراكتېرىنى ئالغان باش كىيىم مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ بازارنى ئىگىلىدى.

ھۈنەر - كەسىپنىڭ چەك - چېگراسى بولسىمۇ، چەكلىمىسى يوق. كىم ئۆگەنسە بولۇۋېرىدۇ. ئۆگىنىشتىن ئالدىراپ ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ، چۈنكى مەيلى دېھقان بولۇڭ، مەيلى ئىشچى - خىزمەتچى بولۇڭ، ھۈنەر - كەسىپ ھامان ئەسقاتىدۇ. چۈنكى، سىز قىلغان شۇ ساھەدىكى ئىشنى باشقا ساھەدىكىلەر قىلالمايدۇ، سىز قىلغان ئىشنى باشقىلارنىڭ قىلالماسلىقى سىزنىڭ ھۈنەرۋەن ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقىلار قىلغان ئىشنى سىزنىڭ قىلالماسلىقىڭىز، باشقىلارنى شۇ ئىش، شۇ ساھەدە ھۈنەرۋەن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. دېگەندەك، ھەربىر ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى بىر ياكى بىرقانچە ھۈنەر - كەسىپنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇ بەلگىلىك كۆلەمگە، تەرتىپ - قائىدە ۋە ئۆلچەمگە ئىگە. شۇڭا، بۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاز بولمىغان ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەنىۋى ئاساسنى يارىتىش ئاسان بولسىمۇ، ماددىي ئاساسنى يارىتىش ئانچە ئاسان ئەمەس. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ھۈنەر - كەسىپ ماددىي ئاساستىن ئايرىلغان ھالدا مەۋجۇت بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۈنەر - كەسىپ ماددىي مەھسۇلات — پۇل، بايلىق يارىتىشنى چىقىش قىلىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتىمۇ يەنىلا ماددىي جەھەتتىكى تويۇنۇش ۋە تولۇقلاشنى تەقەززا قىلىدۇ. ھۈنەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىگىلىك بولۇپ شەكىللىنىشى قانۇنىيەتلىك بولسىمۇ، ھۈنەرنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش، قىممەت يارىتىشى ئۆز نۆۋىتىدە پۇلنى يېتەكچى قىلىدۇ. ئىگىلىك بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىمۇ پۇل

ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ھۈنەر ـ كەسىپ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ جان تومۇرى، شۇڭا ئۇنى سۆيۈش، ئۆزلەشتۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر. ھۈنەر ـ كەسىپنى ئۆزلەشتۈرمىگەن ئادەم مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدۇ ھەم روناق تاپالمايدۇ، پەقەت ھۈنەر ـ كەسىپنى ئەڭگۈشتەردەك ئەتىۋارلىغاندىلا تېگىشلىك ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، قىممەت يارىتالايدىغان ھەرقانداق بىر ئىش ھۈنەر ـ كەسىپ ھېسابلىنىدۇ. ئالايلۇق، يازغۇچى ـ شائىرلىق، قاساپ ـ موزدۇزلۇق، ئاشپەز ـ ناۋايلىق، باپكار ـ مىسكەرلىك، گۈلچى ـ باغۋەنلىك... قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولغان، قوللىنىۋاتقان ۋە يېڭىدىن بارلىققا كېلىۋاتقان ھاياتلىق مەئىشەتلىرى ئۈچۈن يول ئېچىشقا ۋاستە بولۇۋاتقان بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ھۈنەر ـ كەسىپكە كىرىدۇ. زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلار، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنىلا ھۈنەر ـ كەسىپ بولۇپ، كۆرگەنلا ئادەم قىلالمايدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ھۈنەر ـ كەسىپلەر ئۇلار تۇغۇلۇشىدىنلا پۈتۈلگەن ئەمەس، بەلكى كونكرېت شەرت ـ شارائىت ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. بىر توپ زىرائەتنى تېرىپ ئۈندۈرۈشتىن تارتىپ، پەرۋىش قىلىش، ھوسۇل ئېلىشقىچە بولغان جەريانلارنى بېجىرىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر تۈرلۈك ھۈنەر ـ كەسىپ جەريانى بولۇپ، ئۇ تەكرار ئىشلەش ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈلگەن. بۇ ھاسىلات مەلۇم ئادەمگە نىسبەتەن ھۈنەر ـ كەسىپ بولۇپ ئۆزلەشكەن. ئوقۇش، بىلىم ئېلىشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمۇ يەنىلا بىرەر ھۈنەر ـ كەسىپنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن بولىدۇ.

ھۈنەر ـ كەسىپ مەلۇم ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىنى تەلەپ قىلىدۇ، ساختىلىق، نەيرەڭۋازلىقنى ياقتۇرمايدۇ. شۇڭا، ياخشى

ياشاش، ياخشى تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ئادەملىك سالاپەت يارىتىشنى ئۈمىد قىلغان ئادەم ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلىشى ۋە ھۈنەر ـ كەسىپ ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشتىن ئايانماسلىقى كېرەك. بىزدە ھۈنەر ـ كەسىپنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ھېچقانداق پۇل كەتمەيدۇ، دەيدىغان قاراش مەۋجۇت. ئەمما بۇ خىل ھۈنەر ـ كەسىپلەرنىڭ ئۈنۈمى ئانچە ياخشى بولمايدۇ. ھۈنەر ـ كەسىپنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈش، كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم يارىتىش ئۈچۈن ئۈزۈكسىز ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش كېرەك. ھەرگىزمۇ ھازىرقى بىلىم، قابىلىيىتىم بىلەن ھەممىنى قىلىپ كېتەلەيمەن دېگەن خىيالدا بولماسلىق كېرەك. ھۈنەر ـ كەسىپ ئۈچۈن خەجلىگەن پۇل ھەرگىزمۇ زايە كەتمەيدۇ. شۇڭا، ھۈنەر ـ كەسىپ ئۈچۈن پۇل خەجلەشنى تۇرمۇشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلىشتا ھەر ۋاقىت چىڭ تۇرۇپ، بۇنى ياخشى ياشاشنىڭ ئاساسى قىلىش كېرەك.

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، بىلىم بىر ئۇنىۋېرسال بايلىق بولۇپ، مۇئەييەن ئومۇمىيلىققا، ئورتاقلىققا ئىگە. ئەمما ھۈنەر ـ كەسىپ خاسلىققا ئىگە بىر خىل بايلىق بولۇپ، بىرەر ئادەم ياكى گۇرۇھقا باغلانغان، بېقىنغان ھالدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بىرقانچە ئون، ھەتتا بىرقانچە يۈزى بىر گەۋدىگە ئايلانغاندا ياكى ئۇ ياراتقان مەھسۇلات ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەندە، خاسلىق ئۈنۈمى گەۋدىلىك بولىدۇ، يەنى شۇ بىر ساھەدە نەزەرىيەچانلىقى ئەمەلىيەتچانلىققا، ئاڭ ـ تۇيغۇلۇق خاراكتېرى ماددىي ھاسىلاتقا ئايلىنىدۇ، بۇ ھال يەنىلا بىلىمنى يېتەكچى قىلىدۇ، بىلىمنىڭ ئومۇمىيلىقى ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ خاسلىقى ئۈچۈن غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ، ھەر تەرەپلىمە تاۋلاش رولىنى ئوينايدۇ ۋە ھۈنەر ـ كەسىپنى بايلىق يارىتىدىغان مەنبەگە ئايلاندۇرىدۇ.

# پۇل پۇلنى تاپىدۇ

— پۇلنىڭ پۇلنى تاپىدىغانلىقى ئېنىق، ئەمما كونا پۇلنىڭ پۇل تاپىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسامۇ كۆرمىگەن، — دېدى بىرى كونا پۇل سېتىۋېلىش توغرىسىدا چىقىرىلغان ئېلانلار ھەققىدە غۇلغۇلا بولغاندا ھەيرانلىقىمنى باسالماي، — يېقىندا بىر دوستۇم ئىچكىرىدىن كەلدى، ئۇ كونا پۇل تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، ئۇنىڭ گەپلىرىگە بەك قىزىقتىم، ئۇ نۇرغۇن كونا پۇلنى سېتىۋېلىپ، يەنە كونا پۇل بازىرىدا سېتىپ، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك پايدا ئاپتۇ. يالغانمىكىن دېسەم، قولىدا كونا پۇل سېتىۋېلىش توختاملىرى ۋە نۇرغۇن كىتابلار بار ئىكەن. ئۇ چېپىپ يۈرۈپ نۇرغۇن كونا پۇلنى سېتىۋالدى. ھەيران قالدىم، دۇنيادا پۇلغا ئالمايدىغان نەرسە يوق ئىكەن، پۇلنى پۇلغا سېتىۋالىدىغان ئىش تولىمۇ قىزىق بولىدىكەن. كونا پۇلنى ساقلايدىغان ئادەملەرمۇ شۇنداق كۆپ ئىكەن. ئۇنى مەخسۇس شىركەتلەر سېتىۋالىدىكەن. مەخسۇس بازارلاردا ساتىدىكەن. ھۆكۈمەتنىڭ خەۋىرى بار ئىكەن تېخى. كونا پۇل ئەينى زاماندىكى مەدەنىيەتتىن دېرەك بېرەرمىش! ئۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقىمىش. لېكىن، ھۆكۈمەت، خەلق بانكىلىرى كونا پۇللارنى ھەدەپ كۆيدۈرۈپ، ئورنىغا يېڭى پۇللارنى تولۇقلايدۇ. بۇلارنى ئويلىغان ئادەم بىر قىسىملا بولىدۇ، ئەمما بۇ كۆز ئالدىڭىزدىكى ھەقىقىي ئىش!

— ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقى بار: خەلق بانكىسى كونا پۇللارنى كۆيدۈرمىسە بولمايدۇ، بۇ ئۇنىڭ ۋەزىپىسى، قانۇندا شۇنداق بەلگىلەنگەن، شۇڭا بانكا كونا پۇللارنى يىغىپ پايدا ئالسا بولمايدۇ، كونا پۇل بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ بۇ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قېلىشى

دەل ئاشۇنداق بىر ئىشنى ھۆكۈمەت قىلىپ بەرگەنلىكتىن بولىدۇ. بانكا كونا پۇلنى كۆيدۈرمىسە، بازارنى كونا پۇل قاپلاپ كېتىدۇ - دە، كونا پۇل بازىرى شەكىللەنمەيدۇ ياكى كونا پۇل تىجارىتى روناق تاپمايدۇ. كونا پۇلنى كۆيدۈرۈش، چەكلەش تۈپەيلىدىن ئازىيىپ، بۇنىڭدا تەبىئىي ھالدا بىر بازار، ئېھتىياج شەكىللەنگەن، شۇنداقلا يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كونا پۇللارنىڭ تارىخى ئۇزىراپ، يادىكارلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. كونا پۇل پەقەت كونا بولغانلىقى ئۈچۈن بازار تاپقان بولماستىن، مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن قىممىتى ئاشقان...

– مەن ھېچ چۈشىنەلمىدىم، مەدەنىيەت يادىكارلىقى دەيدىكەن، ئۇنىڭدىن نېمە چىقىدۇ، كىم، نېمە سەۋەبتىن سېتىۋالىدۇ؟ ھەيرانمەن، بەزى نەرسىلەرنى شۇنداق ئەتىۋارلاپ ئېغىزغا پاتمايدىغان پۇلغا سېتىۋالىدىكەن، بۇنى چەت ئەلنىڭ كىنولىرىدا كۆرىمىز. بىر چاغدا بىزنىڭ كونا گىلەملىرىمىزنى پاكىستانلىقلار نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋالدى. مانا ئەمدى كونا پۇللارنى سېتىۋېلىش ئەۋج ئالدى. ھەربىر دەۋرگە بارغاندا، بىر خار بولغان، بىر ئەزىز بولىدىكەن.

– ھەرقانداق تىجارەت ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بولىدۇ. ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، نۆۋىتى كەلگەندە پۇلنىڭ كۆزىگە قارىسا بولمايدۇ. شۇ چاغدا بازار پەيدا بولىدۇ، ساتقىلى بولىدۇ، پۇل تاپقىلى بولىدۇ.

بۇ بىرقانچە زىيالىينىڭ پارىڭى بولۇپ، بۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن. يەنى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش قارىشى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقى چۈشەنچىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مەدەنىيەت جەھەتتىكى ساپايىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن، نۇرغۇن نۇقسان ۋە يېتەرسىزلىكلەر بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا سايىدەك

ئەگىشىپ يۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تونۇش، بىلىش جەھەتتىكى چۈشەنچىلىرىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. گەرچە بىز ئاجايىپ سەلتەنەتلىك تارىخ، مەدەنىيەت، ئەنئەنە ۋە كارامەت ئېسىل ھۈنەر - سەنئەت بايلىقلىرىنى ياراتقان بولساقمۇ، تارىخ - نەسەبنامە يېزىپ قالدۇرۇش، ساقلاش ئادىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يېتىلدۈرمىگەچكە نۇرغۇن نەرسىلىرىمىز ئىز - دېرەكسىز يوقالغان. قىسمەن نەرسىلەر ساقلانغىنى بىلەن، ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغانلىرىنى ساقلاپ قالالمىدۇق. بولۇپمۇ ئىجادىيەت، ھۈنەر - سەنئەت، ئاسار ئەتىقە بۇيۇملىرىنى ساقلاشقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرەلمىدۇق. پەند - نەسىھەت خاراكتېرلىك كىتابلار كۆپ يېزىلغان بولسىمۇ، تۈزۈكرەك نەسەبنامە يېزىلمىغان؛ پەند - نەسىھەت كىتابلىرى ئەتىۋار- لىنىپ ساقلانغان بولسىمۇ، نەسەبنامە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قىممىتى بار بۇيۇملار ئانچە كۆپ ساقلانمىغان، ساقلانغانلىرىمۇ تۈرلۈك بوران - چاپقۇنلارغا ئۇچراپ تۈگىگەن. پەقەت چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر بۇلاپ كەتكەن بىر بۆلۈك كىتاب ۋە يادىكارلىقلار ئەجنەبىيلەرنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان. ئەگەر بۇلارمۇ بولمىغىنىدا ئۆزىمىزنى، ئەجدادلىرىمىزنى بۈنچىلىك تونۇش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمىگەن بولاتتۇق.

ئەسلىي گەپكە كەلسەك، بىز مەدەنىيەت جەھەتتىكى نۇرغۇن تەرەپلەردە كەچۈرگۈسىز سەۋەنلىك سادىر قىلدۇق. بىزدە پەقەت ماددىي ئېھتىياج، ماددىي ھاسىلاتنىڭ تۇرمۇشتىكى تەسىرىگە ئاساسەن، خەلق ئارىسىدا ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسالغان قىسمەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلانغان بولسىمۇ، ئۇنى مەدەنىيەت نۇقتىسىدا ئەمەس، بەلكى بايلىق مەنبەسى سۈپىتىدە ساقلىغانلىقىمىزنى ئىنكار قىلالمايمىز. ئۇلار ئاساسەن پۇل ۋە ئاياللارنىڭ زىبۇ - زىننەتلىرىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن مەدەنىيەت، سەنئەت، ھۈنەر - كەسىپ ساھەسىگە تەۋە بولغان

بۇيۇملار بەك ئاز. ھەرقايسى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ
نەرسىلەر پەقەت تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نامايەندىسى
سۈپىتىدە شۇ دەۋرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، يەنە ئۆزى
ئۈچۈن قۇربان قىلىنىشىنىڭ بەدىلىگە يارىتىلغان نەتىجە بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر خەلقىمىز شۇ زاماندىن باشلاپ، تەكرار
ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، ئۇنى ساقلاش بىلەن تەرەققىي
قىلدۇرۇشنى، يوقىتىش بىلەن نەمۇنە قالدۇرۇشنى تەڭ ئېلىپ
بارالىغان بولسا، مىللىي مەدەنىيىتىمىز بىر پۈتۈن مەدەنىيەت
بولۇپ شەكىللىنىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت
تەرەققىياتىغا ئوخشاش مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان بولاتتى،
گەرچە ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇرلار تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەتتى
بالاغەتكە يەتكەن ۋە غايەت زور ئۇتۇقلارنى قازانغان مىللەت
بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇنى پۈتۈن، مۇكەممەل ھالدا
كۆرەلمىدۇق، بىلەلمىدۇق، يەكۈنلىيەلمىدۇق، پەقەتلا شۇ
چاغدىكى ئايرىم مەنبەلەرگە ئاساسەن، قىسمەن قاراش،
پەرەزلەرنىلا ئوتتۇرىغا قويالىدۇق. ئەگەر بىزدە بۇرۇندىن تارتىپ،
ھەرقانداق بىر نەرسىگە مەدەنىيەت يادىكارلىقى سۈپىتىدە
قارايدىغان ئاڭ ـ چۈشەنچە، ھۈنەر ـ سەنئەت نەمۇنىلىرىنى
ساقلايدىغان ئادەت يېتىلگەن بولسا، بۈگۈنكى ئەبجەش
مەدەنىيەتكە ھېرىس بولمىغان، مىللىي خاسلىقىمىزنى ساقلاپ
قالغان بولاتتۇق. ئاللىبۇرۇن مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان
ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچىنى يارىتىپ،
نۇرغۇن مىللەتلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان. مەسىلەن، موڭغۇللار
يېزىق باشقۇرۇش ئىلمىنى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر ناخشا ـ
ئۇسسۇل، كىيىنىش سەنئىتىنى ۋە بىر قىسىم يېمەك ـ
ئىچمەك، شۇنداقلا نەققاشلىق قاتارلىقلارنى ئوخشاش بولمىغان
دەرىجىدە بىزدىن قوبۇل قىلغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ
تارىخ ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەنبەلىرىدە ئەينەن

خاتىرىلەنگەن.

بۇنداق بولۇشتا نۇرغۇن سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن. يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىدىن قارىغاندا، مەدەنىيەت يادىكارلىقى يوق مىللەت مەدەنىيەتسىز مىللەت بولۇپ قالدى. مەدەنىيەت يادىكارلىقى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى بىر شوتا بولۇپ، يېڭىدىن ـ يېڭى مەدەنىيەتلەرنى يارىتىشقا تۈرتكە بولىدۇ. بىزنىڭ بۈگۈنكى نادانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك، دېمەي تۇرالمايمىز. لېكىن، كىشىلىرىمىزدىن بۇنى چۈشىنىپ يەتكەنلەر ناھايىتى ئاز. ھالبۇكى، بۇ مەسىلىگە ھەممىمىز ئەستايىدىل قارىمىساق بولمايدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرىنى ساقلاش ئىنسانىيەت تارىخى، شۇنىڭدەك مەلۇم مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يەكۈنلەشتە غايەت زور رول ئوينايدۇ. ئۇنداقتا زادى قانداق بۇيۇملار مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە، مەدەنىيەت يادىكارلىقىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى بىر مىللەت، بىر ئائىلە، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئىجادىيىتى، يېڭىلىقى، مەلۇم دەۋرنىڭ روشەن بەلگىسى بولغان ھەرقانداق بىر بۇيۇم بۇنىڭغا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم مەلۇم تارىخي دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدۇ. مەلۇم نەرسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمى بولۇشىغا ئاز دېگەندىمۇ يۈز يىل ياكى بىرقانچە يۈز يىل ۋاقىت كېتىدۇ، مانا مۇشۇ نەچچە يۈز يىل ئۇنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. ساقلانغان ۋاقتى ئۇزارغانسېرى ئۇنىڭ قىممىتى ئاشىدۇ. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن كونا خەلق پۇلى شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. كونا پۇل ئاز دېگەندىمۇ بىرقانچە ئون يىلدىن كېيىن، مەدەنىيەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

مەدەنىيەت يادىكارلىقى بىر مىللەتنىڭ، بىر دۆلەت ياكى مەلۇم بىر شەخسنىڭ غايەت زور بايلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ھېچقانداق نەرسە باسالمايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۆزى تەۋە دۆلەت، مىللەت

تەرپىدىن قاتتىق قوغدىلىدۇ، مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولمىغان ھەرقانداق بىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئۇل - ساپاسى مۇستەھكەم بولمايدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئەتكەسچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشمۇ دەل ئوغرىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىردىن ئىبارەت.

دۇنيا تارىخىدا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تالىشىش تۆپەيلىدىن ناھايىتى چوڭ قانلىق جەڭلەر بولغان، دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردە بىرقانچە يىلدىن بۇيان، مەخسۇس ئىشلەنگەن كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. مەسىلەن، «ئالتۇن قوڭغۇراق»، «ئالتۇن گۈللۈك لوڭقا»، «خان ئوردىسى مەنزىرىسى رەسىمى» قاتارلىقلارنىڭ پاجىئەلىرى بۇنى دەلىللەيدۇ. بۇلار ھەم ئالتۇن، ھەم مەدەنىيەت بۇيۇمى بولغاچقا، سانسىزلىغان ئادەم تەلپۈنۈپ، جان تەسلىم قىلدى. بۇ دەل مەدەنىيەت يادىكارلىقىنىڭ يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك ھەقىقىي بايلىق بولغانلىقىدا.

بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئاۋۋال مەن قەشقەر ئاپاق خوجا مازىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن قەدىمكى كىروران مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسىنى كۆردۈم. بۇ كۆرگەزمىگە 3800 يىل ئىلگىرىكى قەدىمكى كىروران ۋادىسىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى جەسەت، رەڭلىك بۇيۇملار ئادەمنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ. جەسەتكە كىيدۈرۈلگەن رەڭلىك، گۈللۈك رەختلەر ۋە ئۆڭمىگەن رەڭلەر، قورال - جابدۇقلار، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ جىپسىلاشتۇرۇپ تىكىلىشى ۋە كىيدۈرۈلۈشى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراستى، مەدەنىيەت ئەھۋالى قاتارلىق نۇرغۇن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. بۇلارنى كۆرۈۋېتىپ چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈم: ئەسلىدە بىكاردىنلا مىللىتىمىز مەدەنىيەتتە ئۇنداق، مەدەنىيەتتە مۇنداق دېمەپتىكەنمىز.

مۇشۇنداق كارامەت پاكىت بولغاچقىلا، شۇنداق دېگەن ئىكەنمىز، مۇشۇنداق جانلىق ئەمەلىي پاكىت بولمىغاندا گەپلىرىمىز ھېسسىي داۋراڭ بولۇپ قالىدىكەن. يەنە ئويلاپ قالدىم: بۇ خىل دەپنە قىلىشتا زادى قانداق ئارتۇقچىلىق، نېمە مۇددىئا بولغىيدى؟ ئۇلار مەلۇم تەرەپلەرنى ئويلاپ ئاشۇنداق قىلغان بولغىيمىدى ياكى ئىستىخىيەلىك ئۆرپ ـ ئادەت، قاراش تۇپەيلىدىن ئاشۇنداق دەپنە قىلىش ئادەتكە ئايلانغان بولغىيمىدى؟ ھازىر نېمىشقا بۇ خىل دەپنە قىلىش مەۋجۇت ئەمەس. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئەينى زاماندا قايسى مەقسەت بىلەن شۇنداق قىلغانكىن؟ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتى بولغىيمىدى ياكى باشقىلاردىن قوبۇل قىلغان ئۇسۇل بولغىيمىدى... ئاشۇنداق چىگىش سوئاللار ئىچىدە كۆپ تېڭىرقىدىم، ئويلار قاينىمىغا چۆمدۇم. بۇنىڭ ئەينى زاماندىكى دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدە شەك يوق، ئەلۋەتتە. قانداقلا بولمىسۇن، شۇ زاماندا ئاشۇ خىل دەپنە قىلىش ئادىتى بوپتىكەن، مەدەنىيەت ئۆلگەنلەر بىلەن ئەنە شۇنداق تۇپراققا كۆمۈلىدىكەن، ئۇ ھەرقانداق ئەھۋالدا ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارغىچە بىخەتەر ساقلىنىپ قالىدىكەن. بۇ يادىكارلىقلار يەر قاتلىمىنىڭ مۇۋاپىق بۆلىكىدىكى قوغداش ۋە چىرىتىشتىن ساقلىغۇچى ماددىلارنىڭ تەسىرى بىلەن بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىش «ئامىتى» گە ئېرىشىدىكەن. خەتەرلىك تەرىپى دېيىلسە، بىرى يەر قاتلىمىنىڭ ئۆزگىرىشى كەلتۇرۇپ چىقارغان تەسىرلەر يادىكارلىقلارنىڭ رەڭگى، جۇلاسى، قىممىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى، ھەتتا توپىغا ئايلاندۇرۇپ يوق قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

گەرچە بۇنداق دەپنە قىلىش ھازىرقى زاماندىكى بىلەن تۇپتىن ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن بىزگە كېرەكلىك ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەتنى بىخەتەر ساقلاپ بەرگەن.

ئەگەر شۇنچىلىك نەرسىمىزمۇ بولمىغاندا مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ساقلاشنى ئادەت قىلمىغاچقا «ئەجدادلىرىمىز مۇنداق ئىدى» دەپ كۆتۈرۈپ چىققۇدەك ھېچنېمىمىز بولماس ئىكەن. يېقىنقى زاماندىكى بايقاشلارغا قارايدىغان بولساق، نۇرغۇن قەدىمي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى ئوغرىلىغانلارمۇ ئاساسەن قەبرىلەرنى قېزىش ئارقىلىق ئوغرىلاپتىكەن. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، مەن بىلىدىغان مارالبېشىدىكى «توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى» ۋە يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ تېرىم يېزىسىدىكى «ياغاچ ئايۋان قەدىمكى شەھىرى» قاتارلىق جايلاردىن كىشىلەر تېپىۋالغان زور بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ شۇ خارابىلەردىكى كونا قەبرىستانلىقلاردىن ئېچىلىپ قالغان.

بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ھازىرقى زامان يادىكارلىقلىرىغا سەل قارايدۇ، سەل قارايدىغانلار بىزدە مەدەنىيەت يادىكارلىقى قىلغۇدەك نېمە بار دەپ مەنسىتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە زادى قانداق؟ بىلىش كېرەككى، ھازىرقى زاماندىمۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەر بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ساقلاش، يىغىش قىممىتى بار. مەسىلەن، ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا دېھقانلىرىمىز ئوتىغۇچ دەيدىغان بىر خىل ئەسۋاب بىلەن ئوت ئوتايتتى. كەكىگە ئوخشايدىغان ئەپچىل بىر خىل سايمان بىلەن زىرائەتلەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتاتتى. تاش تۈلۈق بىلەن خامان تېپەتتى. تاش تۈگمەن بىلەن ئاشلىقنى ئۇن قىلاتتى. ھېجىردا تاماق يەيتتۇق، كاساڭدا خېمىر يۇغۇراتتۇق، ۋەھاكازالار... بۇ خىل نەرسىلەردىن باشقا، يەنە نۇرغۇن قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ۋە كەشپىياتلار بار ئىدى. ھازىر ئۇلاردىن قايسىسىنى تاپالايمىز؟ دېمەك، بۇ نەرسىلەر بۈگۈنكى زاماندىكى ئەڭ ياخشى مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىرقانچە يىلدىن كېيىن بىز ھازىر

ئىشلىتىۋاتقان نۇرغۇن نەرسىلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ قالىدۇ.

ھازىر قەدىمىي گىلەم، كونا پۇل، ئائىلە جابدۇقلىرى، پىچاق، ساندۇق، پۇل قاپچۇقى، بىلەي تاش، ھايۋانلارنىڭ سۆڭىكى، مۈڭگۈز - سۆڭەكتىن ياسالغان نەرسىلەر، مودېل، كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلەر ئۇچراپ قالىدۇ. بۇلار بەزى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە پەقەت ساقلاپ قويۇشتىن ئىبارەت بىر خىل ساددا تۇيغۇ تۈرتكىسىدىلا ساقلاپ قويۇلغان. بەزىلەر ھەتتا ئۇنى مەدەنىيەت يادىكارلىقى دېگەن نۇقتىدا ئەمەس، باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ دەپ قاراپ، مۆرىتى كەلگەندە ئازغىنە پۇلغا سېتىۋېتىدۇ. بۇ خەلقىمىزدىكى بىر ئومۇمىي ئەھۋال. ئەگەر بۇنداق ئەھۋال يەنىلا داۋاملىشىۋەرسە، كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارغا بىزدىن ھېچنېمە قالمايدۇ. شۇڭا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىش، ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئىش ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىشى تولىمۇ زۆرۈر. كىشىلىرىمىزدىكى نادانلىق ۋە نامراتلىقنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ ئىشتىن چوڭ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ، ئەمما بۇ جەھەتتە بەلگىلىك ئاڭ - سېزىمغا ئىگە كىشىلىرىمىزنىڭ ھەيدەكچىلىكى، باشلامچىلىقى تۈرتكە بولسا، ئۈمىدمۇ پەيدا بولىدۇ. يېقىندا مەن تېلېۋىزوردا بىر ئۇيغۇر ياش ئارخېئولوگنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقنى يىغىپ ساقلاپ، كۆرگەزمە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق سۆيۈندۈم. تەرەققىي قىلغان ئەللەردە، بولۇپمۇ ياۋروپادا مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ساقلاش ھەربىر ئادەمنىڭ كۈندىلىك خىزمەت تۈرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان، ئۇلار مەخسۇس ئۆي، ئۈسكۈنە، مەبلەغ، ئادەم ئاجرىتىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئائىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرگەن، كۈتۈپخانا بىلەن مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولمىغان ئائىلىنى مەدەنىي ئائىلە قاتارىغا كىرگۈزمەيدىغان ھالغا يەتكەن. بىزدە

پەقەت يادىكارلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدىغان، بىر قەدەر ئەتراپلىق ساۋاتقا ئىگە كىشىلەر ئالىم ھېسابلىنىۋاتىدۇ. بۇ ناھايىتى زور سېلىشتۇرما ئەمەسمۇ؟ ھېلىقى كونا پۇل تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى يەكەن، يوپۇرغا، قاغىلىق، قەشقەر شەھىرى، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردىن 50 - يىللاردا چىققان خەلق پۇلى، بىر - ئىككى ئەسىر ئىلگىرى ياسالغان تەڭگە پۇل، مىس، كۈمۈش بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ كەپتۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يۇقىرى قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولسىمۇ، ساقلىغۇچى، ساتقۇچىلار ئازغىنە پۇلغا سېتىپ بەرگەن. ئۇ پۇللارنىڭ بەزىلىرى ئەنگلىيە، رۇسىيەلەردە، بەزىلىرى كۇچا، ئىچكى ئۆلكىلەردە ياسالغان بولۇپ، ئەينى زاماندىكى سودا - سانائەت، بېرىش - كېلىش، يېزىق، ھۈنەر - سەنئەت، ئالماشتۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال بولالايدىكەن. كونا پۇل سودىگىرىنىڭ دېيىشىچە، بۇ بۇيۇملارنى ئىچكىرىدىكى جايلارغا ئاپىرىپ، چەت ئەللىك سودىگەرلەرگە ئون، ھەتتا 100 ھەسسە يۇقىرى پايدىسىغا ساتىدىكەن. دېمەك، مەدەنىيەت يادىكارلىقى قارىشى تۆۋەن كىشىلىرىمىزنىڭ كۆز ئالدىدىكى پۇل قارىشى مۇھىم بولۇپ قالغاچقا، قىممەتلىك نەرسە ئۆزىدە قىممەت ياراتماي باشقىلارنىڭ چۆنتىكىنى تولدۇرىدىغان بايلىققا ئايلانغان. كەلگۈسىدە ئاشۇ نەرسىلەر ئۆزىمىزگە لازىم بولغاندا ئۇنى نەچچە يۈز ھەسسە يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىشىمىز مۇمكىن.

مەدەنىيەت يادىكارلىقى مۆلچەرلىگۈسىز بىر بايلىق. ئۇنىڭ بۈگۈنىمۇ، ئەتىسىمۇ پارلاق بولىدۇ. پۇل تېپىش ياكى بايلىق يارىتىش نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ ئۇ خۇددى ئالتۇنغا، بانكىدا قويغان پۇلغا ئوخشاش ئۆسۈم، قىممەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم ئۆمۈر بويى زىيان تارتمايدۇ، ئۆمرى ئۇزۇن، تۇرمۇشى پاراۋان، كۆڭلى خاتىرجەم، تېنى ساغلام،

هاياتىي مەنىلىك، خىزمىتى شان ـ شەرەپلىك، ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ. شۇڭا، مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرىغا پۇل خەجلەشتىن ئايانماسلىق كېرەك. ئائىلىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقى يىغىشتا مۇنداق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك:

1. مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى سېتىۋېلىشقا مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ مېڭىش كېرەك. ھەر ئايدا، ھەر قېتىم پۇل تاپقاندا مەلۇم نىسبەتتە پۇل ئاجرىتىپ توپلاش، ئايرىم قويۇش، مۆرىتى كەلگەندە بىراقلا سەرپ قىلىپ، مەدەنىيەت بۇيۇمىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

2. مەدەنىيەت بۇيۇمى ساقلايدىغان مەخسۇس ئورۇن بولۇشى، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

3. ھەر قېتىملىق سېتىۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتى، تەننەرخىنى توغرا ئىگىلەپ، ساختا، ناچارلىرىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

4. مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرىنىڭ بىر خىلىنى سېتىۋالغان بىلەن كۆپ خىلىنى سېتىۋېلىشنى، يەكپاينى سېتىۋېلىش بىلەن بىر يۈرۈشنى سېتىۋېلىشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

5. مەدەنىيەت يادىكارلىقى دەپ قارالغان بۇيۇملارنىڭ ئەھمىيەتلىكلىرىنى تاللاش، كۆپ مەنبەلىك بىلەن مەنبەسى ئازنى سېتىۋېلىشنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. مەسىلەن، خاتىرە بۇيۇم، ئالتۇن قاتارلىق مېتالدىن ياسالغان ئالاھىدە بۇيۇملارنى كۆپرەك سېتىۋېلىش كېرەك.

6. كىتاب، قول يازمىلارنى، شان ـ شەرەپ ئوردېنلىرىنى، پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سېتىۋېلىش كېرەك. بولۇپمۇ كىتاب، قول يازمىلارنى ئىككىلەنمەي سېتىۋېلىش كېرەك. كىتاب، قول يازما بىر قەدەر ئومۇملاشقان. شۇڭا، قىممىتى بار كىتاب، قول يازما ئۇچرايدىكەن، ئۇنى سېتىۋېلىش، ساقلاش ۋە

نەشر قىلىپ تارقىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەدەنىيىتى نادانلارنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ. بۇ نۇقتىدا تارىخ بىلەن مەدەنىيەت يادىكارلىقى تەڭ قەدەمدە ماڭىدۇ، ئۇ خۇددى سايىغا ئوخشاش ئادەملەر، جەمئىيەت بىلەن بىللە ياشايدۇ، سايىنى كۆمۈش مۇمكىن بولمىغاندەك، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىمۇ مەڭگۈ كۆمۈۋەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ قىممىتى كونىرىغانسېرى ئاشىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا مەبلەغ سېلىش قىممەت يارىتىپ بېرىدۇكى، مەڭگۈ زىيان كەلتۈرمەيدۇ.

ئاخىردا شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى، ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەممىمىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قوغداش، ساقلاش مەسئۇلىيىتىمىز بار، شۇنداقلا ئۆزىمىزدىن باشلاپ، ئەۋلادلاردا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سۆيىدىغان پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز، ئۆزىمىز قىلالمىغان ئىشلارنى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئورۇندىشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

## پۇلنىڭ جۇلاسى — زىبۇ - زىننەت

قوشنىمىزنىڭ قىزى ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا بىر بۇدرۇق ئوغۇل تۇغقانىدى. بۇ ھەر ئىككى ئائىلە ئۈچۈن خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. قوشنىمىز قىزىنىڭ تۇغۇتى 40 كۈنگە توشقاندا ئېرىگە قوشۇپ بېرىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، ماغدۇرىغا كېلىۋالسۇن، ئارام ئېلىپ بالىسىنى چوڭ قىلىۋالسۇن دەپ تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئۆيدە كۈتكەنىدى. كۈيۇ ئوغلى ۋە قۇدىلىرىمۇ ھېلىقى خۇشلۇقى بىلەن بۇلارنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ، دېسۇندۇ، دېمىسۇندۇ ئانا - بالىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇردى.

ئەمدى گەپ كېلىنىنى قانداق يۆتكەپ كېلىشتە قالغان بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىدە سان بار ئىدى. ئاخىر بۇ ئىشنىڭمۇ تۈگۈنى يېشىلدى، قائىدە بويىچە، تۇنجى تۇغۇتتا ئوغۇل تەرەپ قىزنىڭ نېمە تەلىپى بولسا (مۇۋاپىقلا بولسا)، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشىپ ئورۇندايتتى. ئاساسلىقى كونا قائىدە بويىچە، قىزغا تويدا ئالالماي كەم قالغان زىنىنەت بۇيۇم ئېلىپ بېرەتتى. مۇمكىنقەدەر، ھەر ئىككى تەرەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قىزغا چوقۇم ئالتۇندىن ياسالغان بىرەر زىنىنەت بۇيۇمى ئېلىپ بېرىشكە تېگىشلىك ئىدى. مەن دەل مۇشۇ ماقالىنى يېزىۋاتقان ۋاقىتتا، ئەر قوشنام ئۇسۇپ كىرىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— قارىسىلا، قۇدىمىز «كېلىنچەكنى ئېلىپ كەتسەك بولاتتى، نېمە ئالىمىز؟» دەپ كىرىپتۇ، مەن «نېمە ئالساڭلار ئىلتىپات سىلەردە، ئالمىساڭلارمۇ مەيلى» دېسەم، «ياق، ئالماي بولامدىغان، ئالتۇن جابدۇق ئالمىساق بولمايدۇ، ئوغۇلغىمۇ، قىزغىمۇ، بالىغىمۇ كېيىن ئەسقاتىدىغىنى شۇ» دەيدۇ. مەن «مەيلى ئەمىسە» دېدىم، — ئۇ ھاياجان بىلەن خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالماي قالغانىدى، قۇدىمىز 1700 يۈەن بېرىپ: «بولسا قوشۇپ چوڭراقىنى ئالالا، بولمىغاندا مۇشۇ پۇلغا ئالتە سەرلىك بىلەزۈكتىن بىرنى ئالالا» دېدى. ھازىر ئالتۇن چۈشۈپ كېتىپتۇ، يېقىندا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى نۇرغۇن ئالتۇن ساتقانىكەن، ئالتۇن بازىرى دۇنيا بويىچە تۆۋەنلەپ، قەشقەردىمۇ ئەرزانلاپتۇ، ھازىر مىسقالىنى 260 ~ 280 گىچە بېرىدىكەن. بىلەزۈكنى سوقتۇرۇپ كەلسە، ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە قىزىمىزنى يۆتكەپ كېتىدۇ...

— چىدىمايۋېتىپسىلەر - دە قىزىڭلارغا!؟

— ياقەي، قىز بالا دېگەن ھامان خەقنىڭ بالىسى، مۇھىمى قىزىمىز تۇغۇتىدا بىر ئالتۇن بىلەزۈكلۈك بولدى، تويدا شۇ نەرسە

كەم قىلىپ كۆڭلى بەكلا يېرىم ئىدى!

بۇنىسى چۈشىنىشلىك، چۈنكى كىشىلىرىمىز پۇلغا ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەرگە قارىغاندا، ئالتۇندىن ئىشلەنگەن زىبۇ - زىننەتكە بەكرەك ئىنتىلىدۇ. ساپ مېتاللاردىن، بولۇپمۇ ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەتلىك مېتاللاردىن ياسالغان ھۈنەر - سەنئەت، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىغا قاچاندىن باشلاپ بۇنداق ھېرىسمەن بولۇپ قالغانلىقىمىزغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمەن. ئەمما بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ ناھايىتى مۇستەھكەم ئاساسقا، ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاز - تولا بىلىمەن. بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبنىڭ بىرى، ئالتۇن قەدىمدىن تارتىپلا بايلىقنىڭ، گۈزەللىكنىڭ، ساپلىق ۋە مۇكەممەللىكنىڭ بەلگىسى، سىمۋولى بولغانلىقىدا بولسا، يەنە بىرى، بۇ ئەتىۋارلىق مېتالنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدا كەمدىن - كەم بولغانلىقى، نىسبەتەن تۇراقلىق قىممىتىنى ساقلاپ، ھاياتلىق پائالىيەتلىرىدە دەرھال كىشىنىڭ جېنىغا ئەسقاتىدىغانلىقىدا. ئالتۇندىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، زۇرۇر ئېھتىياجىنى شەكىللەندۈرگەن. ئاتا - بوۋىلارنىڭ ئۇنى چوڭ كۆرۈشى تەدرىجىي ئەنئەنە بولۇپ، تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئالتۇننى ئاساسلىقى زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىدۇ ۋە ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. بايلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلايدۇ. ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ سېتىشنى خالىمايدۇ ياكى ئۆزىنىڭ زىننەت بۇيۇمىنى سېتىشنى ۋەيران بولۇشنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ. ئانامنىڭ ناھايىتى نەپىس ياسالغان بىر جۈپ ئالتۇن زىرىسى بولۇپ، 111 ياشقا كىرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن چوڭ ئانامدىن قالغانىكەن. ياشىنىپ قالغان

ئانام ئۇنى باللاردىن بىرىگە بېرىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، مۇۋاپىق پۇرسەت كەلتۈرەلمەي، ھېلىغىچە ساقلاپ يۈرىدۇ. ھەمشىرىلىرىم ئۇنى يېڭى زامان نۇسخىسىغا ئۆزگەرتىپ ئېيىشنى تەكلىپ قىلىشۇدى، ئانام پەقەت ئۇنىمىدى. ئانامنىڭ قوشۇلماسلىقى يادىكارلىقنى بۇزۇشنى خالىمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئوخشاش نوقۇل ھالدىكى ساقلاش بولۇپ، يوقاپ كەتمىسە باشقا كۈن چۈشكەندە، ئەسقاتىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. ئانامدىكى شۇ ئالتۇن زىرە ئۆز نۆۋىتىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇش ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىغان بولسىمۇ، ئانامنىڭ بۇنىڭ بىلەن نېمە كارى دەيسىز!؟

ئەمەلىيەتتە، مەيلى نېمىلا دېگەنبىلەن، ئاياللارغا ياكى ئەرلەرگە بولسۇن، ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇ - زىننەتلەرنى تاقاشنىڭ ھېچقانداق يامان يېرى يوق. ئادەم نۇرغۇن جەھەتتىن بىر ئۆمۈر ساغلام ياشايمەن دېيەلمەيدۇ. شۇڭا، پۇل تاپقاندا ئارتۇقچە يەپ - ئىچىش، كەيىپ - ساپا قىلىپ، ئىقتىسادنى ئىسراپ قىلغاندىن كۆرە ئالتۇن، زىبۇ - زىننەت سېتىۋالسا، بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ. ھالبۇكى، پۇلنى ئاز تاپقاندا بولسۇن، كۆپ تاپقاندا بولسۇن، ساپلىقى يۇقىرى بولغان ئالتۇن، زىبۇ - زىننەتلەرنى ئېلىپ قويسىڭىز ھامان ئەسقاتىدۇ، لېكىن بىلىم ئېلىش، تۇرمۇش قامداش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش زور ئېھتىياجلىق ئىشلار ئالدىدا ھە دېسە ئالتۇن، زىبۇ - زىننەتلەرنى سېتىۋېلىشقا زورۇقماسلىق كېرەك. پەقەت ماددىي تۇرمۇش جەھەتتە ھەر تەرەپلىمە تويۇنغان چاغدا، ئالتۇن، زىبۇ - زىننەت سېتىۋېلىش پۇلنى جايىدا خەجلىگەنلىك بولىدۇ، چۈنكى ئالتۇن قىممىتى تۇراقلىق ھەم ئاسانلىقچە باھاسى چۈشۈپ كەتمەيدىغان مەھسۇلات بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېرىشسىڭىز يۈرىكىڭىز ھەر زامان توق تۇرىدۇ.

## پۇل تۇرمۇشنى قولايلاشتۇرىدۇ

ئايالىم مەندىن سورىدى:

— ئۇنىئالغۇ سېتىۋالايلىمۇ؟

— ماقۇل.

* * *

— كىرئالغۇ سېتىۋالايلىمۇ؟

— سېتىۋالايلى.

* * *

— توڭلاتقۇ ئالمىساق بولمايدىكەن!

— شۇنداق.

* * *

— كېلەر ئايدا گاز تۈگى، گاز ئوچاق ئالايلىمىكىن.

— ئىمكانىيەت بولسا، چوقۇم...

* * *

— مۇكاپات پۇلىمىزغا بۇستارتقۇ ئالامدۇق؟

— ئالايلى.

* * *

زامان بەك تەرەققىي قىلدى، بىزمۇ كومپيۇتېر ئالمىساق بولمامدۇ نېمە؟

— شۇنداق ئالمىساق بولمايدۇ!

ئەلۋەتتە، مەن خوتۇن نېمە دېسە «لەببەي» دەپ باش لىڭشىتىدىغان «سايىم نوچى» ئەمەس. ئەمما، كىشىلىك جەمئىيەتتە ياشىغان، ئۆي تۇتقان ئىكەنمىز، تۇرمۇشنىڭ ئەنە ئاشۇنداق تەقەززاسى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، توغرا بولغانلىرىغا ماقۇل بولمىساق بولمايدۇ. پۇلنى ياخشى يېيىش ئۈچۈن، ياخشى

ياشاش ئۈچۈن تاپقان ئىكەنمىز، شۇنداق ياشاشنىڭ شەرت ـ شارائىتىنى يارىتىش، ماددىي ئاساسىنى ھازىرلاش ئۈچۈن كۈچ چىقارمىساق، ئەقىل يۈگۈرتمىسەك بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ھەممىمىز جەمئىيەت ئەزاسى بولغان ئىكەنمىز، چوقۇم باشقىلارغا ئوخشاش ياكى ئۇلاردىنمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ بارلىق پۇرسەت، ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، ھەر قانچە كۆپ پۇلىمىز، بىلىمىمىز، ئىمتىيازىمىز، مال ـ مۈلكىمىز بولغان تەقدىردىمۇ ياخشى ياشاش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرەلمەيمىز. ئالايلۇق، يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ بەزىسىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرسىمۇ ئەپلەپ ـ سەپلەپ تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولىدۇ. ئەمما، گاز تۈگى بىلەن گاز ئوچاق شەھەر تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئوتۇن ـ كۆمۈر قالاپ تاماق ئەتكەندە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ. تېلېۋىزورنى ھەممىشە باشقىلارنىڭ ئۆيىدە كۆرگىلى بولمايدۇ. بوپتۇلا كۆرمىسەك بىر يېرىمىز خوراپ قالارمىدى دېسەك، زاماننىڭ ئارقىسىدا قالغاننىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن بىلىم ۋە ئۇچۇرلارنى بىلەلمەيمىز ـ دە، ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە يېتىشەلمەيمىز. كومپيۇتېرغا ئوخشاش ئىلغار، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنى ئالمىساق ۋە ئۆگەنمىسەك، ھامان شاللىنىپ قېلىش خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ، ياخشى ياشاش ئىستىكى بەربات بولىدۇ. شۇڭا، پۇلنى تۇرمۇشنى قولايلاشتۇرۇشقا، قولاي تۇرمۇش شارائىتى بەرپا قىلىشقا سەرپ قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالغاندا، چوقۇم ئائىلىگە يېقىنچە تۇس بېرىدىغان، ھەر بىر ئائىلە ئەزاسىغا مەنىۋى زوق بەخش ئېتىدىغان، تۇرمۇشقا، خىزمەتكە، ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولالايدىغانلىرىنى ئالدىن ئويلىشىش، ئىقتىسادنى زىيادە خورىتىپ، ئۇنۇمنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغانلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئانچە زۆرۈر بولمىغان، مودىدىن قالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى، تۇرمۇشقا زىيان سالىدىغانلىرىنى سېتىۋالماسلىق، بۇنىڭ ئورنىغا،

يېڭى، خاس مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش كېرەك. شۇ چاغدا پۇلنى جايىدا خەجلەپ، تۇرمۇشنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرغان بولىمىز.

## ئۆي زىننىتى ــ پۇل زىننىتى

ئادەمنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى گۈزەللىك بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. گۈزەللىككە تەلپۈنۈش ئادەمنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. شەيئىلەر گۈزەل بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەملەر ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ، بۇ ئادەملەرنىڭ ئوبيېكتىپ خۇسۇسىيىتى. ئادەم ھەمىشە گۈزەل مۇھىت، ياخشى تۇرمۇش شارائىتى ئىچىدە ياشىسا، ئۆزىنى ئازادە، بەختىيار سېزىدۇ. شۇڭا، ياخشى زىننەتلەنگەن ئۆي ئادەمگە روھىي شادلىق بەخش ئېتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ ياخشى ياشاش، ئازادە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ئائىلىنى زىننەتلەش، بېزەشكە سەل قارىماسلىق كېرەك. ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۆرنەكلىرىمىز ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، ئەجدادلىرىمىز تۇرالغۇ ئۆيلەرنى بېزەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئاجايىپ گۈزەل، سەلتەنەتلىك مېمارچىلىق، بېزەكچىلىك، نەققاشلىق سەنئىتىنى ياراتقان.

ئۆي يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئادەم ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان پاناھ جاي. ھالبۇكى، ئادەم بىر ئۆمۈر ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ. ئائىلە بولغانىكەن، ئۇنىڭغا ئادەملىك خۇسۇسىيەت ۋە باشقا ئورتاق ئالاھىدىلىك، ئېھتىياج مەركەزلەشكەن بولىدۇ. ئائىلە ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىپ ھالدا پاكىز، گۈزەل، ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك بولغاندىلا ئائىلە ئەزالىرىغا زوق بېغىشلايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆي ئىچى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە زىننەتلىنىشى، بېزىلىشى كېرەك. بىز كۆپ ھاللاردا بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيمىز، «داستىخان يوغان بىر نان يوق، سەللىسى يوغان ئىمان يوق» دېگەندەك، بەزى ئادەملەرگە قارىسا ھالىنى ئات تارتالمايدۇ، ئۆيىگە

كىرسە بوران ئۇچىدۇ، ئۆي ئىچى بەئەينى مال قوتىنىغا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ.

مېنىڭچە، ھەممە ئائىلىلەر ئۆز ئالدىغا ئائىلە مەدەنىيىتى يارىتىپ، يۇقىرىقىدەك ھالەتنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. ھېچبولمىغاندا ئائىلىمىزنى پاكىز تازىلاپ، چىرايلىق تۇتۇشىمىز، گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈپ، ھويلا - ئارامنى بېزەپ، كۆكەرتىشىمىز، ئولتۇراق ئۆيىمىزنى مۇمكىنقەدەر چىرايلىق تۇسكە كىرگۈزىدىغان ئۇسۇل، چارىلەرنى قوللىنىپ بېزىشىمىز كېرەك. بېزەشتە بەك ھەشەم - دەرەم قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۆينى ئاددىي، كۆركەم، يېقىشلىق قىلىش ئۈچۈن، مىليونلاپ پۇل خەجلەشنىڭ ئورنى يوق. يېقىنقى يىللار مابەينىدە كىشىلەر ئۆي بېزەشكە ئالاھىدە خۇمار بولۇپ كەتتى. بەزىلەر 100 مىڭ يۈەنگە ئۆي سېتىۋالسا، 200 مىڭ يۈەنگە بېزەپ، كۆز - كۆز قىلىش مودا بولدى. بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك بولۇپ، بىكاردىن - بىكار ئىقتىسادنى خورىتىپ، ئىسراپ قىلىشتىن باشقا ئىش بولمىدى. چۈنكى، ئۇنداق بېزەلگەن ئۆيلەر پۈتۈنلەي غەربنىڭ ئەبجەش مەدەنىيەت پۇرىقىدا ياسالغانلىقتىن، بىرەر مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن مودىدىن قېلىپ، ئۇنى بىر كىم بىر تىيىن دېمەيدىغان مۇقىم مۈلۈك بولۇپ قالىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنداق ئۆيلەر پەقەتلا ئۆي بولۇپ قالدى. دېمەك، قىممەت ياراتمىغانىكەن، ئۇ ئىقتىسادنى بىكار بۇزۇپ - چېچىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئەسلىدە بار بولغان بايلىقنى قوغداش بولماستىن، بەلكى نابۇت قىلىش بولىدۇ. شۇنچە پۇل سەرپ قىلغان ئادەم پەقەت شۇ بىر قېتىملىق ئېقىم قىزغىنلىقى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىش تۇيغۇسىدا ئەمەس، ئۆينى خاسلىق، ساپ بولغان مەدەنىيەت پۇرىقىغا ئىگە قىلالىسا، ئۇ چاغدا شۇ ئۆينىڭ قىممىتى بولىدۇ. مەدەنىيەت پۇرىقى بولماي دەۋر بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرسە، ئۇ

ئىجتىمائىي ئېقىمنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىدۇ... بۇنداق مىساللارنى كۆپ ئۇچراتتۇق، ئەڭ ئېچىنارلىق يېرى شۇكى، بەزى ئادەملەر يېقىندىن ئاشۇ خىل ئۇسلۇبتا بېزەلگەن ئۆيلەردە ئۇزاق ئولتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدى. چۈنكى، تېخنىكىلىق ئىسپاتلاشلارغا قارىغاندا، يېڭى بېزەلگەن ئۆيلەردىكى بىر - بىرىگە قوراشتۇرۇلغان بۇيۇملاردىن بىرنەچچە ئون خىل پۇراق چىقىپ، رېئاكسىيە قىلىدىكەن، ئاندىن ئۇ نەرسىلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئادەم بەدىنىگە يامان تەسىر بېرىپ، ئادەمنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشىنى، مېيىپ بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئۆي بېزەشتە ئىلمىي، لايىق بولۇش كېرەك. مۇمكىنقەدەر ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنى قوللىنىش، چىرايلىق، پاكىز تۇتۇش كېرەك. چىرايلىق، سىپتا بېزەشنى دەرھال ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئاستا - ئاستا تەدرىجىي قىلىش كېرەك. چۈنكى، بىرەر ئېغىز ئۆي سېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس، ئەمما بىر ئېغىز ئۆينى تەلەپكە لايىق بېزەش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئۆي سالغانغا قارىغاندا، ئۆي بېزەشكە كېتىدىغان مەبلەغ كۆپ بولىدۇ. ئۆي بېزەشتە كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئۆينى بېزەشتە بارلىق ئاماللار بىلەن كۆپ خىل شەكىل، ئاددىي ئۇسۇل قوللىنىپ، كۆركەم، تېجەشلىك، تىرىشچانلىق بىلەن قىلىش، ئۇزۇن مۇددەت مودىدىن قالمايدىغان، جابدۇقلارنى يۆتكىگىلى بولىدىغان، ساتقىلى بولىدىغان قىلىش كېرەك.

ئۆي بېزەش بىر ئائىلىنىڭ ماددىي تويۇنۇشىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل مەبلەغ سېلىش بولۇپ، ئۇ ھەم بىر ئائىلىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى بىلەن ماددىي تۇرمۇشىنى، ھەم ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە شەرت - شارائىتى بولمىغان ئەھۋالدا ئائىلىنى پاكىز

تۇتۇش، ئۆي بېزەيمەن دەپ تۇرمۇشنىڭ باشقا يۈزلىنىشلىرىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك، ئېشىنىغاندا بېزەش كېرەك. ئۆي بېزەشكە ئېشىنچا پۇل تۇرغان ئەھۋالدا پىخسىقلىق قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئۆي ئادەم ھاياتىنىڭ جەننىتى! ئۇ مەڭگۈ ئادەم روھىدەك پاكىز، كۆركەم، جەلپكار بولسۇن!

## ساياھەت ھەم تاپاۋەت

ــ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

ــ كونا كەسىپ، ئۇكام، ساياھەت ھەم تاپاۋەت.

بۇ بىر ئىختىيارىي مۇخبىرنىڭ سالام ـ سەھەتتىن كېيىن بەرگەن جاۋابى. ئۇ، ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن پېنسىيەگە چىقىپ، تىجارەت يولىغا كىرىۋالغانىدى. ئۇنىڭ تۇراقلىق ئۆي ـ جايى بار، ئەمما ئۆزى تۇراقسىز، ھېلى ئۇ يەردە، ھېلى بۇ يەردە موكىدەك يۈگۈرۈپ تىجارەت ـ تاپاۋەت، ساياھەت ـ ساخاۋەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆرگىنى كۆپ بولۇپلا قالماي قىلغان ئىشى، ئۇچرىغان ھادىسىلىرىمۇ شۇنداق كۆپ. نۇرغۇن نەرسىلەر ئۇنىڭغا ئۆزلەشكەن، چىرايىغا قارىسىڭىز ھېلىلا سۇدىن چىققاندەك تازا، گەپ ـ سۆزلىرى بەكمۇ جايىدا، قەلبىگە نۇرغۇن ئەقىل ـ ئىدراك جەم بولغان، قەيەردىن گەپ باشلىسىڭىز، شۇ يەردە بارادەك ئارىلىشىدۇ ۋە قايىل قىلارلىق سۆزلەيدۇ، پۇلنى شۇنداق كۆپ تاپتى، ياخشى ئىشلارنىمۇ ئايانماي قىلدى. ئۇ كىم بىلەن ئالاقە قىلسۇن، ئاسانلا چىقىشىپ قالىدۇ، سودا قىلسا پۈتۈشۈپ، قارشى تەرەپنى رازى قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە ساياھەت بىر خىل بىلىم ئېلىش ۋە كۆپنى كۆرۈپ ھەر تەرەپلىمە يېتىلىشنىڭ يولى ئىكەن. ئۇ ساياھەت ئارقىلىق ئەقىل ـ ئىدراكمۇ، تۇرمۇش يولىمۇ تاپقان. تىجارەت ئارقىلىق پۇلغىمۇ ئېرىشكەن.

يىراق تارىخقا نەزەر سالساق، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ ئۇلۇغ يىپەك يولىنى ئېچىپ، مىسلىسىز چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن تىجارەتچىلەرمۇ ھەم تىجارەت، ھەم ساياھەت قىلىپ پۇل تېپىۋاتىدۇ. ئەمما، ساياھەت يالغۇز تىجارەتچىلەرگە خاس ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تىجارىتى بولمىغان كىشىلەرمۇ ئورتاق پايدىلانسا ۋە شۇغۇللانسا بولىدىغان بىر خىل پائالىيەت. ساياھەتتە چوقۇم مەلۇم مۇددىئا ياكى مەقسەت بولىدۇ. يۇرتىمىزغا ساياھەتكە كەلگەن ساياھەتچىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ قولىدا ساتىدىغان مېلى يوق، پەقەت سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى، سىنئالغۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كۆرۈنۈش خاتىرىلەش، كۆچۈرۈش، كۆپەيتىش ئەسۋابلىرى بار. ئۇلار ئاشۇ نەرسىلەر ئارقىلىق نۇرغۇن مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئەمما، بىزدە تىجارەت بىلەن ھەج - تاۋاپ قىلىشتىن باشقا ساياھەت ئۈچۈن پۇل خەجلەش، ساياھەت قىلىش ئېڭى ۋە سەزگۈرلۈك يوق دېيەرلىك. نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر پەقەت ساياھەت ئۈچۈن ساياھەت قىلمايدۇ. دەم ئېلىش، بىلىم توپلاش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ساياھەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، نۇرغۇن پۇل ۋە زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ھاياتلىق دۇنياسىدىكى ئاجايىباتلاردىن بەھرە ئېلىش سالمىقىنى ئاشۇرىدۇ.

بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا دوست - بۇرادەرلىرىمىزدىن بىر نەچچىمىز ئاز - تولا پۇل خەجلەپ ساياھەت قىلىشقا پۈتۈشكەن ئىدۇق. كېيىن بۇنى «بىكارچىلار پۇل بۇزۇش» دەپ راۋا كۆرمەي توختاپ قالدۇق. بۇ مەسىلىدە قاراش ھەر خىل بولۇپ، ئاساسلىقى تىجارەت قىلساق، بارساق بولاتتى دېگەنگە مەركەزلەشتى. مېنىڭچە، بۇ تولىمۇ ئاددىي، يۈزە قاراش بولۇپ، بىر قەدەر مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە ساياھەت

ئېڭىمىز ئىزچىل ھالدا قاتمال بولۇپ كەلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قىسمەن ئىدارە - جەمئىيەتلەر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەشكىللىك ھالدا باشقا جايلارغا ساياھەت، ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىگە ئۇيۇشتۇردى. بۇنداق شەرەپكە ئېرىشكەنلەر ساياھەتنىڭ كۆپ تەرەپلىمە پايدىسىنى كۆردى، ئۇلار ساياھەت ئۇچۇن ۋاقىت، پۇل ئاجرىتىشنىڭ ھەقىقەتەن ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقىنى تونۇپ يەتتى.

يېزىدىكى بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئوغلى بىر قانچە دوستى بىلەن «ساياھەت قىلىمەن» دەپ يۇرتتىن كېتىپ قاپتۇ. تۇغقىنىم ياشانغان ئادەم ئىدى، قايناپلا كەتتى:

— قارىڭە ئۇكام، ئۇنىڭ بىغەرەزلىكىنى، بىكارغىلا پۇل بۇزۇپ، ساياھەت قىلىمەن دەپ يوقالدى. ساياھەتتىن نېمە چىقىدۇ؟ ئويناپ، پۇلنى سورۇپ كېلىدۇ شۇ! مۇشۇ يەردە ئوينىغىنى يەتمىگەنمىدۇ؟ مەن ھەج قىلغىلى بېرىشقا پۇل يىغالماي ئاۋارە. ساياھەتكە بۇزغان شۇ پۇلنى ماڭا بەرسە ساۋاپ تاپمامدۇ؟

— چېچىلمىسىلا، ساياھەت قىلىمەن دەپ يۈرۈپ، تىجارەت قىلىپ پۇل تېپىپ، سىلىنى ھەيران قالدۇرامدۇ تېخى!

— تايىنلىق...

شۇنداق، بىز بالىلارنى ئۆزىمىز يېتەكلەپ ساياھەتكە ئېلىپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بالىلار ئۆزى ساياھەت قىلىمەن دېسە توسقۇنلۇق قىلىمىز، بوغىمىز، ئۆزىمىزمۇ جاھان مۇشۇ دەپ قۇدۇق ئىچىدىكى پاقىدەك ياشاشقا رازى بولىمىز.

بۇ يىل يازلىق تەتىلدە ساياھەت ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان مەنزىرىلىك جايلار ۋە سانائىتى تەرەققىي قىلغان شەھەرلەرنى 15 كۈنلۈك ساياھەت قىلىش پائالىيىتىگە چوڭ ئوغلۇمنى قاتناشتۇرغانىدىم. ئۇ 15 كۈندە خۇددى چوڭ بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيغۇ بىلەن قايتىپ كەلدى. قارىساق

بىردىنلا ئەقلى ئېچىلىپ قاپتۇ، قاراشلىرى يېڭىلىنىپ، ئىنتىلىشى كۆچىيىپتۇ. ئۇنىڭ ساياھەتتى ئۇچۇن خەجلىگەن 2000 يۈەنگە تولىمۇ رازى بولدۇق. «كۆپنى كۆرگەن دانا بولىدۇ، ساياھەت قىلغان رەنا بولىدۇ» دېگەن گەپ راست ئىكەن- دە!

پۇلنى شۇنداق چوڭ بىلگىنىمىز بىلەن، مۆرىتى كەلگەندە ئۇنى يېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، پۇل تاپقاندا ساياھەت قىلىپ جاھان كۆرگەنگە، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەنگە ھېچنېمە يەتمەيدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن ھاياتنىڭ بىر قىسىم ئېچىلمىغان مەنىسى شۇنىڭ بىلەن ئېچىلىدۇ. پۇلنىڭ لەززىتىنى سۈرگىلى بولىدۇ. دېمەك، ساياھەت قىلىشمۇ پۇلنى جايىدا خەجلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# پۇل كىشلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئالتۇن كۆۋرۈكى

يۇقىرىدا كۇندىلىك تۇرمۇشتا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان بىر قىسىم ئىشلاردا قانداق پۇل خەجلەش ۋە قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا يۈزەكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بۇلار پۇلنى تېپىش ۋە خەجلەشتە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمىسە بولمايدىغان بىر قەدەر مۇھىم، چوڭ تۈرلەر بولۇپ، قالغان نۇرغۇن قوشۇمچە ئىشلار مۇشۇنىڭغا بېقىنىغان ھالدا داۋاملىشىدۇ. چۈنكى، چوڭ تۈرلەر ئۆز يولىدا يۈرۈشسە قوشۇمچە تۈرلەرنى يېتەكلەش رولىنى ئويناپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۆرۈلمەيدۇ. مەن ئۆزۈم مۇھىم دەپ قارىغان تۈرلەرنى يۈزەكى بولسىمۇ رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقتىم. ئەمما، ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا ئورۇن ئالماشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشقىمۇ، بەزىلىرىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. بۇنى جانلىق قوللانسىلا بەلگىلىك ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. زىيان تارتىدىغان ئىش يۈز بەرمەيدۇ. ۋاھالەنكى، بەزى تۈرلەرنى ئالماشتۇرۇشقا ياكى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، ھاياتلىقنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى بولغان ئىستېمالنى توختىتىپ قويۇپ ياكى قىسىپ قويۇپ، ئولتۇراق ئۆي سالغىلى ياكى ساياھەت قىلغىلى بولمايدۇ. كېسەلنى توختىتىپ قويۇپ، زىبۇ - زىننەت بۇيۇمى سېتىۋېلىشقا، ئولتۇراق ئۆي بېزەشكە بولمايدۇ. ئەكسىچە، زىبۇ - زىننەتنى سېتىۋېتىپ كېسەلنى داۋالىتىش ھەممىدىن زۆرۈر. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈرلەر بىۋاسىتە پۇل خەجلەشنى تەلەپ قىلىدىغان ئاشكارا تۈرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا، پۇل

خەجلەشتە ئاساسلىق بولمىغان تۇرلەر قايسى، ئۇنىڭ دائىرىسى قانداق بولىدۇ؟

## سوۋغا ـ سالام كۆڭۈلنى كۆتۇرىدۇ

ئادەم ياشاش جەريانىدا كېسەللىكتىن خالىي بولالمايدۇ، ئادەم كېسەل بولغاندا تولىمۇ كۆڭلى نازۇك، تونۇش ـ بىلىشلىرىنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئويلايدىغانلىرى كۆپىيىدۇ. ھەتتا ساق چاغدىكى ھايات پەيزىنى، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلەپ، بەزى ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ. بەزىلىرىگە قانائەتلىنىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن، باش ـ ئاخىر يوق تەگسىز ئوي خىياللار كېسەل كىشىنىڭ روھىنى چۈشۈرىدۇ. بۇنداق چاغدا يېقىنلىرىنى، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى، خىزمەتداش، قېرىنداش ھەم يېقىن ـ يورۇقلىرىنى سېغىنىدۇ. ئۇلارنى كۆرگۈسى كېلىپ ئىچى پۇشىدۇ، نەتىجىدە ئۇنى ئادەمخۇمارلىق كېسەلى چىرمايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا يوقلاپ كىرگەن ئادەم كۆزىگە ئالاھىدە ئىللىق، قەدىرلىك كۆرۈنىدۇ، ئېلىپ كىرگەن سوۋغىسى شىپالىق دورىدەك كۆڭلىنى كۆتۇرىدۇ، ھەتتا كېسەلدىن قۇتۇلغاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ.

ئادەم كىشىلىك ھاياتتا ئىككى ئىشتا ھاجەتمەن بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرسى كېسەل بولغاندا، يەنە بىرسى ھادىسىگە يولۇقۇپ، بېشىغا كۈن چۈشكەندە يار ـ يۆلەككە تەشنا بولىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا، كىشىلىك ھادىسە ۋە پاجىئەلەرگە توغرا قارايدىغان كىشىلەر دوستىغا سادىق بولىدۇ. خالىس نىيەت كىشىلەر ھامان ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇنداقلار كېسەل يوقلىغاندا چىن دىلى بىلەن يوقلاپ، كېسەلدە ياخشى تەسىرات قالدۇرىدۇ. مانا بۇ، ھەر بىر ئادەم ئورتاق قىلىش زۆرۈر بولغان بىر مەجبۇرىيەت، ئەلۋەتتە.

سىز كىم بولۇڭ، بىرەر دوستىڭىز، ئۇرۇق - تۇغقان، خىزمەتداش، ساۋاقداشلىرىڭىز، قولۇم - قوشنىڭىز ئاغرىپ قالسا، سەمىمىي يوقلاڭ، خالىس ھالدا سوۋغا - سالام تەقدىم قىلىڭ، ئۇلار جىددىي ھادىسىگە يولۇققاندا، ھاجەتمەن بولغاندا مەدەت بېرىڭ، يار - يۆلەك بولۇڭ، پۇل ۋە مال - مۈلۈك لازىم بولسا، دەرھال شەرت قويماي، ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇڭ. بۇ ئىنسانىي پەزىلەت بولۇپلا قالماستىن، ئۆزىڭىزگە قىلىنغان غەمخورلۇق ۋە شاپائەت بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ ھەم ئۆز ئارا يانىدۇ. شۇڭا، كېسەل يوقلىغاندا بېخىل بولۇۋالماڭ. بۇ سىزنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى ئوبرازىڭىزنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەتتۇر.

## تاپقىنىڭنى ئەلدىن ئايىما

دۇنيادا خاسىيەتلىك ئىشنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ئەمما ئۆز شارائىتىغا بېقىپ، زامان تەرەققىياتىنى يېتەكچى قىلىپ تۇرۇپ، ئىلىم - پەن، مائارىپ ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈشتەك خاسىيەتلىك ئىش بولمىسا كېرەك. پۇل تاپقاندا يالغۇز نامراتلارنى، يېتىم - يېسىرلارنى يۆلەشلا ئەمەس، بەلكى مائارىپنىڭ نامراتلىقىنىمۇ يۆلەش كېرەك. بۇ كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بىلىملىك بولۇشى، مىللەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن پايدىلىق. شۇڭا، مائارىپ ئىشلىرىغا خالىس ياردەم قىلىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. نۆۋەتتە، بىزنىڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كارخانىچىلىرىمىز، يەككە - تىجارەتچىلىرىمىز، ئالدىن باي بولغان دېھقانلىرىمىز، مەرىپەت سۆيەر ئوغلانلىرىمىز مائارىپ ئۈچۈن ئاز بولمىغان ياردەملەرنى قىلدى. مەسىلەن، قەشقەر يېڭى يۇلتۇز شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ھاجى ئەسقەر

ئابدۇللا، غۇلجىدىكى نۇرتاي ھاجىم، خوتەندىكى كېرەم ئىمىن، مارالبېشىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدىكى مەخەت ئېلى ھاجىم، قاسىم قارىي ھاجىم، ئەبەيدۇللا داموللا ھاجىم، يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ تېرىم يېزىسىدىكى رېھىم يۇسۇپ، قەشقەر شەھىرى جالا مەھەللىسىدىكى ئالىم، تارىخشۇناس مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم، «ئارمان» شىركىتىنىڭ دىرېكتورى رادىل ئابلا، «ئىخلاس» شىركىتىنىڭ دىرېكتورى روزى ھاجى قاتارلىق بىر تۇركۇم ئەل سۆيگەن، ئەقلى سەگەك، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر مەكتەپ سالدى، نامرات بالىلارنىڭ ئوقۇشىنى قوللاپ پۇل ۋە ئوقۇش قوراللىرى ياردەم قىلدى. قاسىم قارىي ھاجىم ئەينى يىللاردا چارۋا مال بورداقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ ھاللانغان دىنىي زات، ئاددىي دېھقان ئىدى. ئۇ بىر قانچە يىل تېجەپ يىغقان پۇلىنى ھەج تاۋاپقا ئىشلەتمەكچى بولۇپ تەييارلىق قىلىۋاتقاندا مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆرۈلۈپ كېتىپ، بالىلار تالادا ئوقۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇنى كۆرگەن قاسىم قارىي ھاجىم ھەج قىلىشتىن ئەل خىزمىتىنى ئەلا دەپ بىلىپ، يىغقان پۇلىنى ئىككىلەنمەيلا مەكتەپ سېلىشقا ئاتايدۇ ۋە ئۆزى قول سېلىپ ئون نەچچە سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزۈپ، بالىلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. مەرھۇم تاكى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر تاپقان پۇلىنى مائارىپ ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، كىشىلەر قەلبىدە ئۆچمەس ئابىدە تىكلىدى. ئۇنىڭ بۇ مۇقەددەس ئىشقا ئاتىغان پۇلى يۈز نەچچە مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

قەشقەر شەھىرىدىكى ئوردا ئالدى بازىرىدا توپ مال تىجارىتى قىلىدىغان غۇجى ھاجى ئابدۇقادىر ئىككى نۆۋەت ھەج قىلىپ كەلگەن، خېلى كۆپ پۇل تاپقان ياش ئىدى. ئۇ، پۇل تاپقاندا ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، مائارىپقا،

نامراتلارغا ياردەم قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، زامانغا يېتىشىپ مېڭىش ئۈچۈن پەن - تېخنىكا ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، خەلقىمىزنىڭ زامان تەرەققىياتىدىن كېيىن قېلىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 100 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، كومپيۇتېر مەشغۇلاتىنى ئۆگىنىش كۇرسىنى ئاچتى. بۇ بىر خىل ئېچىش، بايقاش روھى بولۇپ، پۇل تاپقاندا يالغۇز مائارىپ بىلەن نامراتلارنى يۆلەپلا قالماستىن، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدىغان باشقا ئىشلار ئۈچۈنمۇ پۇل خەجلەشلازىملىقىنى ھېس قىلدۇردى.

## خاسىيەتلىك ئىش دىلىڭدا ۋە قولۇڭدىكى پۇلۇڭدا

— ئادەمدە پۇل بەك كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدىكەن، خەجلەيدىغان يەر تاپالماي، باش قېتىنچىلىقى بولىدىكەن، — دېدى بىرەيلەن بىر سورۇندا، — سولياۋ بۇيۇملارنى ساتىدىغان بىر دوستۇم بار ئىدى، ئۇ ھازىر قەشقەردىكى ساپما كەش، سولياۋ خالتا قاتارلىق بۇيۇملار بازىرىنى ئىگىلەپ، توپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، شۇڭا پۇلىمۇ بەك كۆپ تاپتى. پۇلنى ئايىماي خەجلەپ تىجارەت بىناسى، كاتتا ئۆي - ئىمارەت سالدى، مائارىپقا ياردەم قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا نامراتلارنى يۆلەش، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا پۇل ئىئانە قىلىش دېمىسىز، ئىشقىلىپ نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلدى. ھازىر قولىدا زاكات ئۈچۈن ئايرىغان نۇرغۇن پۇل بار، كىمگە بېرىشنى بىلەلمەي تۇرىدۇ.

— يول ياسىسۇن.

— يولمۇ ياسىدى.

— كۆۋرۈك سالسۇن.

— سالدى.
— نامرات، يېتىملارنى يۆلەپ قويسۇن!
— ئۇنىمۇ قىلدى.
— ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، پۇلى يوق ئوقۇشقا بارالمىغانلارنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتسۇن.
— بىرنەچچىنى ئوقۇتتى!
— قاقاسلىقنى بوستان قىلدىمۇ؟
— ياق.
— ئۇمۇ ئانا تۇپراق ئۇچۇن بىر خاسىيەتلىك ئىش!
— بولىدىغان گەپ! يەنچۇ؟
— زاۋۇت، كارخانا قۇرۇپ، ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرسۇن!
— بۇمۇ بولىدىغان گەپ، ئۇچىنچىسىچۇ؟
— تەتقىقات فوندى قۇرۇپ، بىر ياكى بىر قانچە تۈرنى تەتقىق قىلىپ، ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق، ئاسايىشلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئىجادىيەتكە يول ئاچسۇن!
— ھەببەللى، بۇ ھەممىدىن بەك بولىدىغان گەپ بولدى.
شۇنداق، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ھەر بىر ئادەمنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى. ئەمما، بۇنىڭغا كۈچ ۋە مەبلەغ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن، ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە پۇل ۋە كۈچ چىقىرىش ئىنسانلىق بۇرچ ھېسابلىنىدۇ. قىلاي دېسە، خاسىيەتلىك ئىش ھەممە ئادەمنىڭ دىلىدا، شۇنداقلا قولىدىكى پۇلىدا بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئىككىسى بولسا، خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.
مانا بۇلار يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، ۋاستىلىك پۇل خەجلەيدىغان تۈرلەر بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى بىر قانچە ئون ئىش بىلەن چەكلەنمەيدۇ. مەيلى سىز قايسى ئىشنى قىلىڭ، ھەممىسى ئىنسانىي روھ، ئىنسانىي پەزىلەت، گۈزەل ئەخلاق،

مىللەتتىكى مەدەنىي ساپانىڭ بەلگىسىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. قۇربىڭىز يەتسە، ئۇششاق ئىشلاردىن كۆرە خەلققە كۆپلەپ مەنپەئەت بېرىدىغان، ئۇنۇمى يۇقىرى، جەمئىيەت ئومۇمىيۈزلۈك ئېھتىياجلىق بولغان چوڭ تۈرلەرگە مەدەت بېرىڭ، ئۇ سىزنى جەمئىيەتتە يۇقىرى شۆھرەتكە، تىجارەتتە، ئىش - ئوقەتتە تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

## «ئالتۇن قەپەس» نىڭ قەدرى نەدە؟

«ھەسەن قاسساپ» دەپ نام ئالغان بىر تۇغقىنىمىز بار بولۇپ، قاسساپلىق تىجارىتى بىلەن تونۇلغان ئادەم ئىدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ ھال - كۈنى ياخشى ئەمەس ئىدى. پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئورنىنى بازار ئىگىلىكى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇ دەرھال بىر قازان بىلەن كوپىراتسىيەدىن قالغان بىر قوينى دەسمايە قىلىپ، يېزا بازىرىدا قاسساپلىق قىلدى. كېيىنچە ھەممە يۇرتتا بىر كۈندىلا بولىدىغان بازار ھەر كۈنى بولىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەپتىدە بەش - ئالتە بازارغا باردى ۋە قاسساپلىق قىلىپ، ئون نەچچە يىلدا نەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە كۈچى يېتىدىغان باي قاسساپ ئائىلىسىگە ئايلاندى. تۆت يىلنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىغا كاتتا ئۆي - ئىمارەت سالماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ مەسلىھەت بەردىم.

– ئۆي سالىدىغان ئىشىڭ بولسا، ئۆيلۈك يەرنى يېزا بازىرىدىن ئېلىپ سال، بازارغا ئۆي سالساڭ، ساتساڭمۇ كۆپ پۇل تاپىسەن. مەھەللەڭ بازاردىن يىراق. ئۆي دېگەن ئۆمۈرلۈك نەرسە، سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاپلا دېسەڭ ئورنىغا كەلتۈرەلمەيسەن. ئۆزۈڭ ئولتۇرىدىغان بولغاندىكىن، ئۆينى ياخشى پىلانلاپ، ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىپ، پۇختا سېلىشىڭ

كېرەك. يېزا دېگەن يېزا، سەن بازاردا تىجارەت قىلىدىغان ئادەم. «ئۆلۈككە مازار ياخشى، تىرىككە بازار» دېگەن گەپ بار. تىجارەت دېگەن بازاردا ئاقىدۇ. شۇڭا، كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاپ، ئۆينى بازارغا سال. هازىر ئولتۇرغۇڭ كەلمىسە كېيىن ئولتۇرسەن ياكى ئىجارە بەرسەڭ پۇل بولىدۇ. بېشىڭغا كۈن چۈشسە، بازاردىكى ئۆي دېگەنگە هەر كىم دەمال پۇل سانايدۇ...

— ياق، — دېدى ئۇ، — ئۇنچىۋالا يىراقنى ئويلاپ نېمە كەپتۇ. سەن دېگەن كۈنلەر كەلگۈچە كىم بار، كىم يوق، ئۆينى يۇرتۇمغا سالىمەن، بازارغا كۆنەلمەيمەن، يېزا دېگەننىڭ ئېتىكى كەڭرى، قوي - كالا باقىمىز، باغىباراڭ قىلىمىز، ئاشلىق - تۈلۈك تېرىيمىز. بازاردا نېمە قىلغىلى بولىدۇ؟ بىر كۈنلۈك بازىرىمىزنى بازارلاپ، يانچۇقىمىزنى توملاپ كېلىۋالغىنىمىز غەنىيمەت بىزنىڭ!

ئارتۇقچە بىر نېمە دېمىدىم. نەۋرە ئاكامنىڭكىگە كىرسەم، ئۇمۇ هەسەن قاسساپنى دوراپ ئۆي سالغىلى جابدۇپتۇ، ئۇمۇ هەسەن قاسساپقا ئوخشاش بازارمۇ بازار يۈرۈپ، ئاشپەزلىك تىجارىتى قىلىپ خېلى پۇل تاپقان ئادەم ئىدى. ئۇ مېنىڭ مەسلىهەتىمنى تارتىشمايلا قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆينىمۇ سېتىۋېتىشكە كۆندۈردۇم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆي - جاينى دەل - دەرەخلىرى بىلەن قوشۇپ 30 مىڭ يۈەنگە ئالىدىغان ئادەم بار ئىكەن. مەن يەنە مەسلىهەت بېرىپ ياغاچلىرىنى هەسەن قاسساپقا سېتىشنى ئېيتتىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بىر ياخشى پۇرسەت ئىدى. ئويلىغىنىمدەك هەسەن قاسساپ 100 تال ياغاچنى 27 مىڭ يۈەنگە ئالىدىغان بولدى.

ياندۇرقى يىلى بارسام هەسەن قاسساپ يېڭىدىن سالغان ئۆيىگە چاقىرىۋالدى. ئۆينى هەقىقەتەن هەشەمەتلىك، كاتتا ساپتۇ ۋە ياساپتۇ، «هەي بۇ ئۆي بۇ يەرگە زايا كېتىپتۇ» دېدىم ئىچىمدە. سۈرۈشتۈرسەم، ئۇ بۇ ئۆي ئۈچۈن 400 مىڭ يۈەندىن

ئارتۇق پۇل خەجلەپتۇ.

نەۋرە ئاكام ئۆي - زېمىنىنى يەنە 20 مىڭ يۈەنگە ساتتى - دە، مېنىڭ زورۇم بىلەن سېرىقبۇيا بازىرىدىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ كۆچۈپ كەلدى. ئۇ دەسلەپتە تۇرمۇشنى قامداشتىن بەكلا ئەنسىرىگەنىدى، بازارغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئىشنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يېزىدىن بازارغا كۆچۈپ كىرگەنلىكىگە مىڭ مەرتىۋە رازى بولدى.

— كۆنۈپ قالدىڭمۇ؟

— كونا بىز! — دېدى ئۇ مەغرۇرانە ھالدا، — سەن راست دەپتىكەنسەن، ئوقۇغان ئادەم باشقىچە بولىدىكەن، جاھاننىڭ ئەلمى - تەلمىنى بىلىدىكەنسەن. بازارنىڭ ئادەملىرى بازارنى ئەتىۋارلاپ، سەھرانى كەمسىتسە، بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى چۈشەنمەيتتىم. تېخى بازاردا ھەممە نېمىنى پۇلغا ئالىدىغان گەپ، قانداقمۇ پۇل يەتكۈزگىلى بولار دەيتتىم، بازاردا پۇلنى خەجلەيدىكەنمىز ھەم تاپىدىكەنمىز، ئىش مەن ئويلىغاندەك قىيىن ئەمەسكەن. تەييار ئۆي ئالايمۇ، ئۆيلۈك يەر ھەل قىلىپ ئۆزۈم سالايمۇ؟

— ئۆيلۈك يەر ئال، قولۇڭدىكى پۇلنىڭ بىر قىسمىغا ئۆيلۈك يەر ئالىسەن، بىر قىسمىنى تىجارەتكە دەسمايە قىلىسەن. ئۆينى بارا- بارا سېلىۋالىدىغان گەپ. ھۈنىرىڭ ئۆز يولىدا ئېقىۋېرىدۇ. ئۆي ئالساڭ قىممەت، پۇلنى بىراق بەرمىسەڭ بولمايدۇ. ئۇ چاغدا ئوقىتىڭگە دەسمايە قىلىدىغان پۇلنى نەدىن تاپىسەن؟

نەۋرە ئاكام بېلىنى باغلاپ ئىشقا كىرىشىۋېدى، يىلدىن - يىلغا جانلاندى، بازاردا ئون نەچچە ئادەم تىنىم تاپماي ئىشلەيدىغان بىر ئاشخانا ئېلىپ، غوجايىن بولدى. ئۇ ئىلگىرىكى كۈنلىرىنى ئەسلەپ ماڭا، تىراكتورغا ئاشخانا سايمانلىرىنى بېسىپ، بازارمۇ بازار ماڭغانلىقى، بۇ جەرياندا

تارتقان جاپالىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. شۇ چاغدا ھەتتا قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ، ئېغىر تالاپەت ۋە ئىقتىسادىي زىيانمۇ تارتىپتۇ. مانا ئەمدىلىكتە خاتىرجەم بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھاياجانغا چۆمۈپ: «بازارغا بالدۇرراق كۆچۈپ كىرگەن بولسام، ئون يىل كېيىنرەك قېرىيدىكەنمەن، ھەي ئىسىت، ئۆتۈپ كەتكەن شۇ كۈنلەر!» دېدى.

ھەسەن قاسساپلىقنى ئوغلىغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى تېرە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئاخىردا قويمىچىغا ئۇچراپ بىر قېتىمدىلا 300 مىڭ يۈەنگە يىقىلدى. نەتىجىدە قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىپ، ئۆينى ئالمىدىغان خېرىدار چاقىرىۋىدى، تەستە 100 مىڭ يۈەنگە نەرخى پىشقان بولسىمۇ، لېكىن پۇل سانايدىغان ئادەم چىقمىدى.

— ئاكا، دېھقان بولماق بەك تەسلىشىپ كەتتى، — دېدى سىڭلىم، — ئالغان ھوسۇل چىقىمىغا بويلاشمىدى، ھەريىلى تېرىغان كېۋەزنىڭ كەنتكە تۆلەيدىغان چىقىمىنى ھۆنەر قىلىپ تاپقان پۇلدىن ياماۋاتىمىز. كېۋەز تېرىپ نامراتلىشىپ كەتتۇق، باشقا زىرائەت تېرىشقا تەشكىل يول قويمايدۇ، يەرگىمۇ تويدۇق، شۇڭا بازارغا كۆچۈپ كىرىپ بورداقچىلىق قىلايمىكىن دەيمەن.

— سەن دېھقان، بالىلىرىڭ كىچىك، بازارغا بىراقلا كۆچۈپ كىرىۋالساڭ، قىيىنچىلىق تارتىپ قالارسەنمىكىن، شۇڭا ئالدى بىلەن ئۆيلۈك يەر ئال، ئاندىن ئىككى يىل چىداپ ئىشلەپ، ئىككى ئېغىز ئۆي سال، بارا - بارا ھەرىكەت قىلساڭ، جاپا تارتماي بازارغا ئۆزلىشىپ قالىسەن، — دېدىم.

ئۆزى سەيپۇڭ، ئېرى ياغاچچى بۇ سىڭلىم ناھايىتى ئىشچان ئايال بولۇپ، ئائىلىسى بويىچە شۇنداق تىرىشسىمۇ، ئەمما ھاللىنالماي ئۆيدىن شامال ئۇچۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم. كۆڭلۈمدە ھېسداشلىق قىلساممۇ قولۇمدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتىن باشقا ئىش كەلمەيتتى. ئاخىر سىڭلىم سېرىقبۇيا

بازىرغا يېقىن جايدىن ئۆيلۈك يەر سېتىۋالدى - دە، جاھىل ئېرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بىراقلا تۆت ئېغىز ئۆي ۋە 270 مېتىر قورۇ تامغا ئۇل ھازىرلاپ، بىراقلا پۈتكۈزۈشكە تۇتۇش قىلدى. مەن بەش قولنى بىراقلا ئېغىزغا تىقماسلىق توغرىسىدا ھەر قانچە چۈشەنچە بەرسەممۇ، ئۇلار ئۆز پىلانى بويىچە ئۆينى پۈتكۈزدى، لېكىن ھەممە دەسمايىدىن ئايرىلغاندىن سىرت، ئون نەچچە مىڭ يۈەنگە قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىپ، ئۆيگە كۆچەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئىككى يىل دېھقان بولدى:

— مەن دېمىدىممۇ، ھەممە پۇلنى تامغا بىراقلا چاپلىۋەتسەڭلار قوي بورداشقا دەسمايە تاپالماي قالىدىغان ئىش چىقىدۇ. مانا ئەمدى ئىككى يىل دېھقان بولۇپ، نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلدۇڭلار، مېنىڭچە، يەر تېرىساڭلار ئاز تېرىماڭلار، كۆلەم كۆپ بولسا پايدا ئالالەيسىلەر...

ئۇلار يەرنى تاشلاپ بازاردىكى ئۆيگە كېلىۋالدى...

شۇنداق، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئۆي ناھايىتى ئېسىل بايلىق، ئەمما ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس، ئۆي سالغاندا، قاراملىق قىلىپ بىراقلا پۈتكۈزىمەن دېيىشمۇ خەتەرلىك. ئادەم ھاياتىدا ھامان ئۆينى مەركەز قىلغان ھالدا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئىجادىيەت، تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، شۇنداقلا پۈتكۈل ھاياتلىق پائالىيەتلىرى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىدۇ. ئائىلە ئادەمنىڭ بەخت بۆشۈكى، يەنە بىر نۇقتىدىن ئۇنى ھاياتنىڭ ئالتۇن قەپىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بىزمۇ ئالتۇن قەپەسنى مەركەز قىلىپ ئىنسانلىق بۇرچ ۋە قەدىر - قىممىتىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز. ئەمما، ئۇنى ياساش، ئىگە بولۇشتا ئەستايىدىل، ئەتراپلىق، ئېدىتلىق بولۇشى كېرەك.

«ئون بەرىكەتنىڭ توققۇزى شەھەردە، بىرسى يېزىدا» دېگەن گەپ بار، ئۆينى ئىمكان بار بازارغا — شەھەرگە سېلىش، مۇمكىنقەدەر ياخشى سېلىش كېرەك.

ھازىر يېزا - بازارلارنىڭ شەھەرلىشىش، شەھەرلەرنىڭ چوڭىيىش تەرەققىيات قەدىمى تېز بولۇۋاتىدۇ. ئەمما، بىزنىڭ نۇرغۇن دېھقانلىرىمىز بازاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئۇلار بازاردا جان باقماق تەس دەپ قارايدۇ ۋە ئەنئەنە قارىشى بويىچە بازارلاردىن يىراقلاپ ئولتۇراقلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. دەرۋەقە دېھقان ئۈچۈن يېزا ياخشى. بىلىش كېرەككى، بازاردا تۇرۇۋېمۇ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغىلى، ياخشى نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ. بازاردىكى يەر تېرىيدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇنىڭ ئاساسلىق پاكىتى شۇكى، بازاردا ئۇچۇر كۆپ، دېھقانچىلىقتا ئائىت نۇرغۇن يېڭى تېخنىكا، بىلىملەرنى بازاردىن ئىگىلىگىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۆزى بازاردا، يېرى يېزىدا بولغان دېھقانلارنىڭ يەنە كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارى ئۆستى، داۋالىنىش شارائىتى ياخشىلاندى. يېزىدا داۋالىنىش تەس بولغاچقا، بەزى دېھقانلار داۋالىنالمىغانلىقتىن ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىش، نۇرغۇن ئىقتىسادىي زىيان تارتىش ئەھۋالى مەۋجۇت. ئۆيى بازاردا بولغان دېھقانلار كېسەل بولسىلا دەرھال داۋالىنىپ، ھېلىقىدەك بىھۇدە چىقىملاردىن ساقلىنالايدىغان، سالامەتلىكىنى ئاسرىيالايدىغان بولدى. قاتناش، داۋالاش ھەققى جەھەتتىكى چىقىملارنىمۇ زور دەرىجىدە تېجەپ قېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ يەنە ئەقىل كۆزى ئېچىلىپ، ئاق - قارىنى، ھەق - ناھەقنى ئايرىپ، ناھەقچىلىككە تاقابىل تۇرالايدىغان بولدى. تۇرمۇشى تەرتىپكە كىرىپ، ئىستېمال سەۋىيەسى ئۆستى. بەزىلەر، ھەممىلا ئادەم بازارغا، شەھەرگە كىرىۋالسا يەرنى كىم تېرىيدۇ؟ دەيدۇ، بۇ چوڭ مەسىلە ئەمەس، يەرلەرنى خالىغان كىشىلەر كۆلەم شەكىللەندۈرۈپ تېرىسا ياكى ماشىنىلاشتۇرسا بولىدۇ. بازارلاردا ئادەم كۆپەيسە تەرەققىيات تېزلىشىدۇ. سودا ئوبوروتى جانلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۆي - مۈلۈك، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، كارخانا ۋە يېڭى تۈرلەر جانلىنىدۇ. شۇڭا، ھەر قانداق

ئادەم شەھەردىن قاچماي، شەھەر ـ بازارغا ئىنتىلسە، ياخشى ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۆي سالغاندىمۇ شەھەر ـ بازارغا سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بازارغا سالغان ئۆي تۇرمۇشقا قولاي، تېخىمۇ مۇھىمى كوچا، يول بويىغا يېقىن بولسا، ئائىلىلەردە تىجارەتنى ۋە تۇرلۇك كەسىپلەرنى يۈرۈشتۈرگىلى ، بۇ ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامدىغىلى بولىدۇ.

شەھەر ـ بازارلارغا ئۆي سالغاندا، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك ئاز- ئازدىن سېلىش، «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇش» كېرەك. كونىلاردا مۇنداق بىر قاراش بار: «يېڭى ئۆينى بىراقلا پۈتكۈزسە، ئۆي ئىگىسى بالدۇر ئۆلۈپ كېتىدۇ.» بۇ بەك مۇبالىغە قىلىنغان يەكۈن بولسىمۇ، ئاتا ـ بوۋىلار ئۆي سېلىشنىڭ جاپاسىنى، ئۇنىڭغا كېتىدىغان چىقىمنىڭ كۆپلۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ، كىشىلەرگە ئاشۇنداق بىر ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ئارقىلىق، ئۆينى سېكىن ـ سېكىن سېلىش، ياخشى، پۇختا سېلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن. سېكىن ـ سېكىن سېلىش ئىقتىسادنى مۇۋاپىق كونترول قىلىشنى كۆرسەتسە، ياخشى، پۇختا سېلىش ئۆينى ھاپىلا ـ شاپىلا ئاددىي، ناچار سېلىپ، ئۇنۇمىنى تۆۋەن، قىممىتىنى تۆۋەن قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ يېزىلىرىمىزدا ئۆينى ئاددىي، ناچار سېلىپ، بايلىقنى ۋەيران قىلىپ، تېخىمۇ نامراتلىشىش ئەھۋالى ئېغىر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سېلىنىۋاتقان يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆيلەر دېھقانلارنىڭ بۇ خىل قالاق ئۆي سېلىش ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولۇپ، ياخشى، پۇختا ئۆي سېلىش قۇرۇلۇشى يېڭى باسقۇچقا كىردى.

## ساداقەتمەنلىك ۋە ھۇرۇنلۇق پاتقىقى

ئىككى بۇرادىرىمنى يار باغدىكى بىر ئۆگىرىخانىغا باشلاپ

كىردىم. تار، ئەمما چىنىدەك پاكىز ئاشخانىدا ئادەم كۆپ ئىدى. بىز 60 ياشلاردىكى دېھقان سوپەت بىر ئادەم ئولتۇرغان ئۈزۈن ئورۇندۇقنىڭ بوش يېرىدە قىستىلىپ ئولتۇردۇق. تولىمۇ قورۇنغان ھالدا ئالدىرىماي غىزالىنىۋاتقان بوۋاي ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىدىكى خۇرجۇنغا پات - پات قاراپ قوياتتى. بوۋايدىن كۆرە ئۇنىڭ خۇرجۇنى بىزدە قىزىقىش قوزغىدى. چۈنكى، ھازىر بۇنداق خۇرجۇننى ئىشلىتىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى.

— خۇرجۇندا نېمە بار ئاكا، — دەپ سورىدى بۇرادەرلىرىمدىن بىرى گەپ تېشىپ.

— تاش بىلەي بار، ئۇكام، — دېدى ھېلىقى كىشى.

— قانداق تاش بىلەي ئۇ؟

— پىچاق، كەكە قاتارلىق ھەممە نەرسىنى بىلىگىلى بولىدىغان بىلەي.

— ھە، بىلەي تاشنى نەدىن ئەكىلىدىلا، ئۆزلىرى ياساملا؟

— ياق، تاغدىن ئېلىپ كېلىمەن!

— تەييارلا ئۇچرامدۇ، ئۆزلىرى ياساملا؟

— كۆپ قىسمى ئۆزى چىقىدۇ، بىر قىسمىلىرىنى ئۆزۈم سىلىقلاپ ياسايمەن.

شۇنداق قىلىپ پاراڭ چوڭقۇرلاشتى.

بوۋاي ئۈستۈن ئاتۇشتىن بولۇپ، ئايالى ۋە ئۈچ قىزى بار ئىكەن. بىر مو يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىكەن. ئايالى كېسەلمەن، ئۈچ قىزى ئەردە ئىكەن. يەر ئاز، ئايالى كېسەلمەن بولغاچقا، تۇرمۇشى بەكمۇ مۇشكۇلچىلىك ئىچىدە ئۆتىدىكەن. ئەمما خەلق ئىشلار تارماقلىرىنىڭ يار - يۆلەك بولۇپ يۆلىشىنى مەقبۇل كۆرمەيدىكەن. ھالال ئەجرى بىلەن ياشاشنى ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى قىلغان بۇ بوۋاينىڭ باشقا ھۈنەر - كەسپى بولمىغاچقا، بىكار بولسىلا، 80 ~ 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغ ئارىسىغا ئېشەك بىلەن ياكى پىيادە مېڭىپ بېرىپ، بىلەي

تاش ئېلىپ كېلىپ سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن. ئۇنىڭ بۇ جەرياندا ئۇچراتقان نۇرغۇن ئازابلىق كەچۈرمىشى بار ئىكەن. بىر - ئىككى قېتىم ئېشىكىنى تاغدا بۆرە يەپ كېتىپ، ئۇنى پىيادە قويۇپتۇ. ھەر قانچە قىلىپمۇ ئېشەك ئالغۇدەك پۇلغا ئېرىشەلمىگەچكە، ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ ئۇزۇن يولنى پىيادە مېڭىپ ئۇقىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەپتۇ. جاپادا يىغقان بىلەي تاشلار دەسلەپتە يىغقاندا يېنىك بىلىنگەن بىلەن ماڭغانسېرى ئېغىرلىشىدىغان گەپ ئىكەن. جاپاكەش بوۋاي ئاشۇ بىلەي تاشلارنى توشۇش جەريانىدا ئۇسسۇزلۇق، ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن يىقىلىپ قالغان چاغلارمۇ تەكرار - تەكرار يۈز بەرگەن. گاھىدا ئۇ قەشقەر، ئاتۇش شەھەرلىرىگە بىلەي تاشنى ئېلىپ بېرىپ، ئاشخانىمۇ ئاشخانا، ئۆيمۇ ئۆي دوقۇرۇپ بىر كۈندە بىر تالنىمۇ ساتالماي قالغان كۈنلىرىمۇ بولغان. چۈنكى، بۇ خىل بىلەي ئىپتىدائىي بولۇپ، سۈپەت جەھەتتە ھازىرقى زامان بىلەيلىرىگە يەتمىگەچكە، كىشىلەرنىڭ سېتىۋېلىش قىزغىنلىقى يوق دېيەرلىك ئەھۋال ئاستىدىمۇ بوۋاي بۇ كەسىپتىن ئەسلا ۋاز كەچمىگەن، ئازاب تارتسىمۇ ۋايسىمىغان، بۇنى بىكار يېتىش، تىلەمچىلىك قىلىشتىن ئەۋزەل كۆرۈپ، ۋىجدان بىلەن ياشىغان.

— بىر بىلەيىنى قانچە پۇلغا ساتىسىز؟

— كېلىشىپ ساتىمەن، تالاشمايمەن، ئالىمەن دېسىلا قانچە پۇل بەرسە ياق دېمەيمەن، بىر قېتىم تاغقا بېرىپ كېلىشكە بىر ھەپتە ۋاقىت كېتىدۇ. بىر قېتىملىق ئەجرىمدىن 40 ~ 50 يۈەن قولۇمغا كىرسە بۆكۈمنى ئاسمانغا ئاتىمەن.... ھەي، نامراتلىق دېگەن ئېغىر ئىش، قولى سۇنۇقنىڭ دەردىنى قولى سۇنۇق بىلىدۇ. سىلەر چۈشەنمەيسىلەر، نامراتلىق قاتتىقچىلىق! قاتتىقچىلىق ئازاب! لېكىن، ئادەم ۋىجدان بىلەن ياشىمىسا بولمايدۇ، ۋىجدانى يوق ئادەم خۇددى ئېشەكنى يەپ كەتكەن بۆرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. مەن شۈكۈر - قانائەت قىلىمەن. خۇدا

بېرەر دەپ، تاپاۋتىم ئاز بولسىمۇ، مۇشۇ ھالال ئىشنى قىلىۋاتىمەن.

بىزنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇمىز كەلدى، بىراق ۋىجدان قەسىمىنى تىلغا ئېلىپ دېگەن سۆزلىرى ئالدىدا ئوڭايسىزلاندۇق. شۇڭا مەن:

— تاماقتىن كېيىن، بىز بىلەيلىرىدىن بىر نەچچىنى ئالايلى، — دېدىم.

بىز ئۇنىڭ خۇرجۇنىدىكى بىلەي تاشلاردىن ئۈچنى ئېلىپ 20 يۈەن تەڭلىدۇق.

— بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، ياندۇراي دېسەم پۇلۇم يوق، ئۆزلىرى تېگىشىپ بەرگەن بولسىلا، — دېدى.

— ياندۇرمىسىلىمۇ بولىدۇ. ئۈچ تال بىلەي تاشنى بىز ئاشۇ پۇلغا ئېلىشقا رازى!

ئۇنىڭغا بەكلا ئىچىمىز ئاغرىپ قالدى.

— جايىدا ئىش بولدى، — دېدى ھەمراھلىرىمدىن بىرى، — بىلەينى ئېلىپ سودا قىلدۇق، بىكارغىلا پۇل بەرسەك ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن بولىمىز.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا قەتئىي ۋە قەيسەر روھ مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ۋىجدان تارازىسىدا ئىشلىرىنى ئۆلچەپ تۇرغان. تىرىكىشىش، كۈرەش قىلىش روھى ھالال ياشاشقا ئىلھاملاندۇرغان.

بىراق بىزنىڭ بەزى نامراتلىرىمىز، «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەپ يۆلىنىۋالىدۇ. شۇڭا، ھازىرغىچە ئۇلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ يولى تېپىلماي كېلىۋاتىدۇ. نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاشنىڭ توسالغۇسى نېمىدە؟

بىرىنچى، روھىي زەئىپلىك ئادەمنى پارلاق ھاياتقا ئىگە قىلغاندىمۇ، چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتۇرىدىغان روھتۇر. بىلەيچى بوۋاينى تىلغا ئالساق، ئۇنى

ئاشۇنداق ھالال، ساپ، ئەستايىدىل، كەمتەر، سەۋرچانلىق بىلەن
ياشاشقا سۆرەپ كىرگەن نەرسە تۇرمۇشمۇ ئەمەس، پۇلمۇ ئەمەس،
ياشاشتىن ئىبارەت يۈزەكى ئىستەكمۇ ئەمەس، بەلكى ئادەمدەك
ياشاشقا ئۈندەيدىغان جەڭگىۋار روھ بولۇپ، ئەنە شۇ روھ ئۇنىڭ
ۋىجدانىنى، جاسارىتىنى تاۋلاپ، ئاددىي - ساددا، جاپالىق ھايات
يولىدىكى تىنىمسىز ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولالىغىنىنى كىممۇ
ئىنكار قىلالىسۇن؟! ئۇ گەرچە نامراتلىقتىن ئىبارەت يەلكىسىنى
بېسىپ تۇرغان تاش بىلەن شۇنداق ئېلىشىپ يەنىلا
نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىسىمۇ، تايىنىۋېلىشنى راۋا كۆرمىگەن،
ۋىجدانى ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغان تەييارتاپلىقتىن ساقلانغان.
بۇنداق روھىي جاسارەت، ئەقلىي تولۇقلۇق ھەرقانداق ئادەمدە
بولۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى نامرات ساناپ
قۇتقۇزۇشقا تايىنىۋالىدىغان كىشىلەرنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ
چىقمايدۇ. شۇڭا، يېزىلاردا نامراتلىقنى تۈگىتىشتە ئالدى بىلەن
روھىي زەئىپلىككە خاتىمە بېرىش، جەڭگىۋارلىقنى يېتىلدۈرۈش
كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن كەسكىن، جانلىق تەدبىر قوللىنىپ،
كىشىلەرنى ھالال، پاك ياشاشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، نامرات بولسىمۇ
تىرىشىش، تىرىشىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا يېتەكلەش
كېرەك. تۇرمۇش يولى خۇددى شوتىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئادەمدە
يۇقىرىغا ئۆرلەش، بالداقمۇ بالداق ئۆگزىگە چىقىش روھى
بولۇشى زۆرۈر. ئۆگزىگە چىقىش ئۈچۈن چوقۇم شوتا بولۇشى
كېرەك. ئۇ ئادەمدە يۇقىرىغا چىقىش ئۈمىدىنى شەكىللەندۈرىدۇ.
ھالبۇكى، شوتا ئىرادىدىن پۈتىدۇ، يەنى شوتا ياسايدىغان
ياغاچنى ھەر كىم ئۆزى يېتىشتۈرسە، شوتىغا ئېرىشكەندىن
كېيىن بالداقمۇ بالداق ئۆرلەپ يېڭى مەنزىلگە يەتكىلى بولىدۇ.
مانا مۇشۇنداق ئۇقۇملار ئادەمنىڭ تۇرمۇش يولىنى تاۋلايدۇ،
ھايات يولىنى راۋانلاشتۇرىدۇ. نامراتلاردىمۇ مانا مۇشۇنداق روھ ۋە
ئۇقۇم بارلىققا كەلمىسە، مىڭ يۆلىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى

تاشلىۋېتىدۇ ـ دە، ھەرگىزمۇ ئۇستىگە ئۆرلىيەلمەيدۇ.
ئىككىنچى، چەكلىمە بولماسلىق. دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسىنىڭ چېكى بولىدۇ، چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئىش يوق. ئەمما نۆۋەتتە نامراتلارنىڭ نامراتلىششىغا، ھورۇنلۇقىغا، باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىشىغا قارىتا چەك قويۇلمايدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. شۇڭا، ئۇلار نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلىمايدۇ. جۇرئەت دېگەندىنغۇ ئەسلا ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى ئۇلارغا قارىتا چەكلەش مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ، يۆلەشنى مەلۇم نىسبەتتە قىسىش، «ئەمچەك» تىن تەدرىجىي ئايرىپ، مۇستەقىل ياشاش، ئالغا ئىنتىلىش جاسارىتىنى يېتىلدۇرۇش، مېھىر ـ شەپقەتنىڭ مەڭگۇ ئۈزۈلمەيدىغان دېڭىز سۈيى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەشكە، ھورۇنلۇقنى تاشلاشقا، تېجەشلىك بولۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش چېكىنى بېكىتىپ بېرىش كېرەك.
ئۈچىنچى، يېتەكلەشتىكى ئاجىزلىق. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي تارماقلار نامرات دېگەن ھەر قانچە يۆلىسىمۇ، يەنىلا نامرات دېگەن ئىدىيەدىن ساقلىنىپ، نامراتلارنى يېتەكلەش، ئۇلارغا ھەقىقىي ياردەم بېرىشنى ئۆز بۇرچى ھېسابلىشى كېرەك. يېتەكلەشتە جانلىق، قوللاشتا ئەمەلىي بولۇش بۇنىڭ ئاچقۇچى. ئايرىم جايلار پەن ـ تېخنىكا، سېلىنما، ئادەم كۈچى، ئۇسكۈنە جەھەتتە قوللاش، مەدەت بېرىشنى ئۈزۈپ قويماي، ناھايىتى مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئۇنۇمى بەك چوڭ بولمىدى، بولغاندىمۇ قىسقا مۇددەتلىك بولدى. قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ توگچى يېزىسىدا يېزا رەھبەرلىكى ئۆز يېرىنىڭ ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن، 400 نەچچە ئائىلىنى باقمىچىلىق، بورداقچىلىق كەسپى بىلەن بېيىغان ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بەرگەن، نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان ئائىلىلەر ئۇلارنىڭ

تېرىقچىلىق ئىشلىرىدىن تارتىپ كۈندىلىك تۇرمۇشىغىچە يار - يۆلەك بولغان. يېزا يەنە ھەر بىر نامرات ئائىلە ئۈچۈن نوپۇسقا قاراپ سېتىۋالغان بىردىن - ئىككىگىچە قوي، كالىنى ھۆددىگەر ئائىلىلەرگە تۇتقۇزۇپ، ھەم كۆپەيتىپ بېرىش، ھەم سەمرىتىپ سېتىپ، ئالغان پايدىسى بىلەن نامرات ئائىلىلەرنى يۆلەشنى يولغا قويغان. نەتىجىدە، ئۈچ يىلدا بىر قوي سەككىزگە يەتكەن. بىر كالا بەشتىن يەتتىگىچە كۆپەيگەن. بۇنىڭ ئىچىدە نامرات دېھقان ئائىلىلىرى قوي - كالىغا، ئاندىن ھارۋا ۋە قىسمەن تېرىقچىلىق ماشىنىلىرىغا ئىگە بولغان. نامراتلارنى ھۆددە ئالغان دېھقانلار داۋاملىق تۈردە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ، مال - چارۋىلارنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈش، سېتىشنى تىزگىنلىگەن. كۆپلىگەن نامرات دېھقانلار چارۋىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، چارۋىلارنى بېقىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆزى ھەيدەپ، ھۇرۇنلۇقتىن قۇتۇلغان. يەنە بەزى جايلار نامراتلارنى كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەملەشتۈرۈپ، ئىش بىلەن تەمىنلىگەن، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىشىغا ياردەم بەرگەن.

تۆتىنچى، پەرزەنتلەرنى ئوقۇتۇشنى خالىماسلىق، نامراتلىق ئومۇمەن چارە - تەدبىرسىزلىكنىڭ مەھسۇلى. نامرات ئادەم بىرەر ئىشقا ئەقىل يۈرگۈزمەيدۇ. ھە دېسىلا ئۆزىنى ئويلايدۇ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدۇ. بۈگۈن قورسىقى تويسا، ئەتە نېمە بولۇشى بىلەن كارى بولمايدۇ. تېخىمۇ يامان يېرى، پەرزەنتلىرىگىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ھازىر مەكتەپلەردە نامراتلارنىڭ بالىلىرىنىڭ بېشىنى ھۆكۈمەت سىلىغاندىن باشقا، ئەقلىنى ئىشلىتىپ بېيىغان ساخاۋەت ئىگىلىرى ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈۋاتىدۇ. ۋاھالەنكى، نامراتلارنىڭ تولىسى بۇنىڭدىن ئانچە تەسىرلىنىپمۇ كەتمەيدۇ.

ئەكسى ھالدا خودى ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش تەييارتاپ، بېقىنىۋالىدىغان، زەئىپ روھقا ئىگە ئادەم بولۇپ ئۆسىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ياخشى ئوقۇسىمۇ، ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىق ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يىراقنى كۆرەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن باشقىلارنىڭ سالغان مەبلىغى، ئەقىدىسى بىر تىيىن بولىدۇ. بۇ دەل زىيادە چوشكۈن روھنىڭ رېئال ئىنكاسى بولۇپ، ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشىنى قوزغايدۇ.

1996 ـ يىلى مارالبېشى ناھىيەسى سېرىقبۇيا ئوتتۇرا مەكتەپـ ـنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئابلىز مۆمىن يېزا بويىچە مەكتەپكە يېڭىدىن كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تولۇق يىغالماي، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ يولىيورۇقىنى ئېلىپ، كەسكىن تەدبىر قوللانغان. بالىسىنى مەكتەپكە بارغۇزمىغان ئاتا ـ ئانىلارغا تەنقىد ـ تەربىيە خىزمىتى ئىشلىگەن. قارشىلاشقانلارنىڭ ئۆيىدە نىمىسى بولسا شۇنى جەرىمانە ئالغان. بۇ جەرياندا نامراتلاردىن يىگىرمە نەچچىسى ئۆزىنى جەرىمانىگە ئاتاپ، مەكتەپتە يېتىۋالغان. ئۇلاردىن ھېچ نەرسە چىقمىغانلىقتىن، كۆتۈلمىگەن ھادىسە چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ قايتۇرۇۋېتىشكە مەجبۇر بولغان. بالىلارنىمۇ مەكتەپكە كەلتۈرەلمىگەن، كەلگەنلەرمۇ بىردىن ـ ئىككىدىن كېتىپ، قايتا كەلگىلى ئۇنىمىغان. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن نامراتلارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيەلەشتىن ۋاز كېچىش كېرەكمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ھازىرقى زامان نامرات ھۇرۇنلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەس بولغان بىلەن پەرزەنتلىرى ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بالىلار ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش قېتىۋالغان بولماستىن، تەربىيەلىسە يېڭى ئادەم بولىدىغان ياش نوتىلاردۇر. شۇڭا، نامراتلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا سالغان مەبلەغنى ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيەلەش، ئوقۇتۇشقا قاراتساق ئۇنۇمى ياخشىراق بولىدۇ.

بەشىنچى، كەسىپكە تەشكىللەشنىڭ يېتەرسىزلىكى. ھۆرۈن ئادەم ئولتۇرۇشقا، قورساق تويغۇزۇشقا ئامراق كېلىدۇ. دېھقانچىلىقتا سەل قارايدۇ. دېھقانچىلىق ئارقىلىق قورساقنى تويغۇزغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ كارى بولمايدۇ. مېنىڭچە، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا جىسمانىي ھەرىكەت ئارقىلىق يۇرۇشىدىغان بىرەر كەسىپكە ئېرىشتۇرۇش كېرەك. شۇ چاغدا، ئۇلار تىرىشچانلىقنىڭ يولىغا ماڭىدۇ ۋە ھەرىكەت قىلىدىغان، پۇل تېپىشقا قىزىقىدىغان بولىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ باللىرىنى ھۈنەر - كەسىپ ئىگىلەشكە تەشكىللەپ، بۇ بىر ئەۋلادنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ئاساس سېلىش كېرەك. بۇنداق كەسىپلەر قايسىلار؟

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا قېيىنئاتام دادىسىدىن يېتىم قالغان بىر ئوغۇل بالىنى يېزىدىن ئېلىپ كەلدى، ئۇ ئەمدىلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بولۇپ، قورايدەك ئورۇقلىقىغا قاراپ ھەممىمىز قاتتىق ئىچ ئاغرىتتۇق.

— ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىشنى ئۆگەنسە بولامدىكىن، — دېدى قېيىنئاتام، — بۇ كەسىپ مۇشۇنداق باللارغا تازا باب كېلىدۇ.

— مېنىڭچە، ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ ھۈنەر تازا ئېقىپ كەتمەيدۇ، — دېدىم قوشۇلماي، — بۇ بالىنىڭ ئەھۋالىغىمۇ تازا ماس كەلمەيدۇ، سەۋەبى: رادىيو، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزورلارنىڭ بۇزۇلغانلىرىنى ئوڭشىتىدىغانلار ئاز، بۇ خىل مەھسۇلاتلار ئۇزۇكسىز يېڭىلىنىپ تۇرغاچقا، كىشىلەر رېمونت قىلدۇرغاننىڭ ئورنىغا يېڭىسىنى ئالىدۇ. بارا - بارا تېخى چەت ئەللەردىكىدەك بۇزۇلغان، كونا ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى تاشلىۋېتىدىغان بولىدۇ، ئۇ چاغدا رېمونتچىلىق ئاقمايدۇ. شۇڭا، بۇ بالا دەماللىقتا ئاغزى ئاشقا تېگىدىغان، كۆپ مەبلەغ كەتمەيدىغان، قىشۇ ياز ئاقىدىغان كەسىپتىن بىرنى ئۆگەنسە مۇۋاپىقمىكىن. مەسىلەن،

ئاشپەزلىك، ناۋايلىق دېگەندەك. بۇ مىدىرلىسىلا ئاغزى ئاشقا تېگىدىغان، نەگىلا بارسا ئەسقاتىدىغان ھۈنەر. ھۈنىرىم بار دېسە، ھەركىم دەرھال ئىشقا سېلىپ پۇل بېرىدۇ، ھېچ بولمىسا قورسىقىنى باقىدۇ. ئايرىم ھۈنەر قىلسا، ئۈن، ياغ، گۆشنى نېسى قىلىپ، تاپقاندا بېرىپ سودىسىنى يۈرۈشتۈرەلەيدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا، موزدۇزلۇقنى ئۆگەنسە بولىدۇ، ھۈرۈن، ئاجىز ئادەمگە بۇ تازا باب كېلىدۇ. ۋېلىسىپىت، ماشىنا رېمونت قىلىشنى ئۆگەنسىمۇ بولىدۇ. قىسقىسى، جىسمانىيىتى يار بەرگۈدەك، دەرھال جېنىنى جان ئەتكىلى بولىدىغان ھۈنەرنى ئۆگەنسۇن.

— ئاشپەزلىكنى ئۆگەنسە بولامدۇ - نېمە؟

— ھەببەللى، مانا بۇ جايىدا مەسلىھەت بولدى.

بالا ئىككى يىلدا بېجىرىم ئاشپەز بولۇپ يېتىشىپ چىقتى، ئاغزى ئۇستامنىڭ ئالدىدا ئاشقا تەگدى. قولى پۇل كۆردى.

نامراتلارنى يۆلەشتە، ئۇلارنى بىرەر ھۈنەرگە، سودا - سېتىققا يېتەكلەش كېرەك. سودا قىلغاندا، ئاددىي ئىشلاردىن، مەسىلەن، تۇخۇم، توخۇ ئېلىپ - سېتىش، گازىر - پۇرچاق، ياڭيۇ پىشۇرۇپ سېتىش، لەڭپۇڭ، ئۆپكە - ھېسىپ، كاللا پاقالچاق، توخۇ تۇخۇمى پىشۇرۇپ سېتىش، چەرچىنماللارنى پارچە سېتىش، كىراكەشلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن باشلاشقا يېتەكلەش كېرەك.

ئالتىنچى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك. نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن كۆپ ئوقۇيالماي، ئوقۇسىمۇ ئالىي مەكتەپكە بېرىش ئارزۇسى ئىشقا ئاشماي، يېرىم يولدا قالىدۇ. تارماقلار ئۇلارغا قارىتا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، زاۋۇت، كان - كارخانىلارغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاپاۋەت، تۇرمۇش مەنبەسىنى يارىتىشقا مەدەت بېرىشى كېرەك. قەشقەر شەھىرىدە مۇشۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولغان.

يەتتىنچى، قىسمەن جايلاردا سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقى ياخشى بولمايۋاتىدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ نامراتلارغا قاراتقان بېيىش سىياسىتى ناھايىتى ياخشى. ئەمما، جايلاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ياخشى بولمايۋاتىدۇ. بىر تاياقتا ھەيدەش، ئوخشاش ھەق يىغىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. ئايرىم دېھقانلار ئەمدىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلسا، ئۇنىڭغا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆزى تىكىلىپ، ئالۋاڭ ـ سېلىق، ھەق ئېلىشتا قاتتىق بولىدۇ. سودا قىلسا، ھەق ئالغۇچى، كىنىشكا تارقاتقۇچى پالاقلاپ ئارام بەرمەيدۇ ۋە قولىدا بارىنى رەسمىيەتكە ئېلىپ بولىدۇ. مەدەت بېرىش، يۆلەش دائىملىق ئەمەس. بۇنداق ئەھۋاللار نامراتلارنىڭ باي بولۇشقا توسالغۇ بولۇپلا قالماستىن، تېخى قايتا نامراتلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## پۇل تاپقان نوچىمۇ؟

«پۇل تاپقان نوچى» دېگەن گەپنى بىر قانچە قېتىم ئاڭلاپ قالدىم. بەزىلەر بۇنىڭغا قارشى ھالدا «پۇل تاپقان نوچى ئەمەس، يۈز تاپقان نوچى» دېدى، يەنە بەزىلەر «يول تاپقان نوچى» دېدى. ئۇنداقتا زادى بۇنىڭدىن قايسىسى نوچى؟ بۇنىڭغا شۇنداقلا قاراپ ھۆكۈم قىلىش تەس. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ نۇقتا ئۈستىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشقا ئىگە. چۈنكى، ئۇلاردا ئاشۇ خىل تۇرمۇش چۈشەنچىسى مەۋجۇت. ئۇلار ئۆزى ئېتىراپ قىلغان بىر ياكى بىر قانچە پاكىتنى ۋە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئاشۇ «نوچى» دىن بىرىگە چوقۇنىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا، بىرىگىلا ئېسىلىۋالغان بىلەن بولمايدۇ. ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىلەن سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنى بىرلىكتۈرۈپ قارىغاندىمۇ كىشىلەرنىڭ قايسى خىل قاراشنى ياقلىشى كۆپ تەرەپلىمە سەۋەب ۋە ئامىللاردىن بولىدۇ. بۇيەردە بىز بۇنىڭغا

كەسكىن بىر نەرسە دېسەك بولمايدۇ. بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇنى توغرا ياكى خاتا دەپ قاراش ۋە كەسكىن ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ.

— ئۇ گەپمۇ بىكار، — دېدى مەلۇم بىر باي ھاجى مەيۈس ھالدا، — مەن ئىلگىرى نى ئارمان، نى پىلانلارنى قىلغان ئىكەنمەن. ھازىر ئويلاپ، تۇۋا، نېمىدېگەن ھاماقەتمەن؟ دەپ قالىمەن. شۇ بىر چاغدىكى ئۇتلۇق ھېسسىيات، قىزغىنلىق، مۇھەببەت، كۆيۈنۈش، ئازاب، ھېسداشلىق، نەپرەت ۋە نادامەت، مەھكۇملۇق ۋە قۇتقۇزۇش، ئۆچمەنلىك ۋە شېرىن خىيالىي چۈش... مانا مۇشۇلار مېنى ئاشۇنداق قىلغان، قېنىمنى قىزىتقان، روھىمنى ئالەمچە ساغلام، ياق - ياق! ئالەمچە ساددا ۋە مېھرىبان قىلىۋەتكەنىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئادىمىيلىك خىسلەت، ئادىمىيلىك ھېسسىياتنىڭ سايىسىدە يالتىرىغان پاراسەت ياراتقان مۆجىزە ئىكەن. بۇلارنى ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. قارىسام، تېخى بىر قانچە ئاينىڭ ئالدىدا مېنىڭ ئالدىمدا 40 نەچچە ئادەم سەپراس تۇرۇپ ئىشلەيتتى، نەچچە يەردىكى ماگىزىنلاردا ۋە مېنىڭ نامىمدىكى پەشتاختىلار ئاستىدا مەشغۇلات قىلاتتى، بىر قانچە ئاپتوموبىل بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىرسى شەھەر ئىچىدە يۈك توشاتتى، بىرسى ناھىيەلەرگە مال ئاپىراتتى، بىرسى مەخسۇس ئىچكىرىدىن مال كەلتۈرەتتى. بىرسى ئۈرۈمچىدىن مال كەلتۈرەتتى، مەن بەرپا قىلغان بۇ مۆجىزە ئىچىدىكى ھەر بىر سەپ ۋە تەرتىپ شۇنداق جانلىق قانات ياياتتى. جان باقسۇن دەيتتىم، ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇن يەرلەرنى سالدىم، ئىجارە ئۆيلەرنى ئالدىم، ئۇ يەرلەردە قانچىلىغان چىراغلار چاراسلاپ يېقىلىپ تۇراتتى. مۇقىم مۈلۈك ئۈچۈن ھەر كۈنى 10 ~ 20 مىڭ يۈەن چىقىم بولاتتى. مانا ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدى، ھەممىسىنى قىسقارتتىم، بۇنداق چوڭ ئىگىلىك قەشقەرگە چوڭ كەلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى

كارخانىلارمۇ مەندەك قىلالمايدۇ. مەنغۇ بىر شەخسىي، لېكىن قاراڭ، شۇنچە چوڭ بىنالارنى، تۇرالغۇلارنى ۋە قانچىلىغان زاۋۇتلارنى قۇرغان مەندەك بىر ئادەمنى كىمدۇر بىرى: «ھە خېلى ئىش قىلىپسەن» دېگىنى يوق. ھېلىقى مەن جان باقسۇن دېگەن خەقنىڭ ئەۋلادى كىرىپ: «سىلى سالدىلىمۇ مۇشۇ ئىمارەتنى، ھە ئىش مۇنداق دېسىلە، يامان ئادەمكەنلا جۇما، چاينى دەملەپ ئىچىپ، خىزمەتچىلەرنى ئىشقا سېلىپ قويۇپ، تۇمۇچۇق، بۇلبۇللارنىڭ سايرىشىنى ئاڭلاپ، فونتاننىڭ لەرزان سۇيىنى ئاڭلاپ ياشىدۇقمۇ؟» دېگەن تېخى! «ھەئە، شۇنداق، چاينى دەملەپ ئىچمەي ئۆگزىگە چالما ئاتساق بولامتى؟» دەپ جاۋاب بەردىم. ھېلىقى گەپلەر مېڭە - مېڭەمدىن ئۆتۈپ، تاپان - تاپىنىمدىن چىقىپ كېتەتتى. بىرەر شەھەر باشلىقى: «خېلى ئىش قىپسەن، شۇنچە ئادەمنى ئىشقا قويۇپسەن. رەھمەت، نېمە قىيىنچىلىقىڭ بار؟» دەپ سوراپمۇ قويمىدى. ھېلىقى چىرايلىق ياسىغان زاۋۇت، كارخانام قالدى، مانا ئەمىسە دەپ تاشلىۋەتتىم. ھەي تۇۋا، مەن نېمە كويدا... مەن ئەزىزلىگەن ھېلىقى ئادەملەرنى دېمەيسىلەر، ئۇلارنىڭ قولى پۇل كۆردى، بىر مەزگىل سودا راسا قىزىدى. ئۇ چاغدا، مەن ئىش ھەققىمدىن ھەممە مەھسۇلاتقا، تاپاۋەتكە قاراپ شېرىنكانە بەردىم. ھۆرۈنلار تېتىكلەشتى. ئىشىك سەھەردە ئېچىلىپ، كۆز باغلانغاندا تاقالدى. كېيىن، سودا - سېتىق كاساتلاشتى، مەن بايىقى چارىنى قوللانسام، يەنە ھېلىقىدەك ساتقان مەھسۇلاتىغا، قىلغان كىرىمىگە قاراپ ئىش ھەققى بەرسەم بەزىلەر چىدىمىدى، غوۋغا قىلىپ، تۇراقلىق ئىش ھەققى بەرسۇن دەپ تۇرۇۋالدى. ئەسلىدە كارخانىنىڭ چىقىش يولى شۇنداق باشلىنىدىغان گەپ ئىدى، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىمۇ شۇ ئىدى، بىزنىڭ خەلقىمىزگە مۇقىم ئىش ھەققى بولسا، شۇنى يەپ ياتسا، قىردىن ئاشالمىسىمۇ بولىدىغان گەپكەن، نېمىدېگەن ئېغىر بېكىنمىچىلىك بۇ - ھە؟ قاراڭ! شۇنداق

قىلىپ ئىش ھەققى تارقىتىش مەسىلىسى قىيىنغا چۈشتى. لېكىن، مەن ھېلىقى چارىنى توختاتمىدىم، خادىملىرىم نارازى بولدى ۋە دەرھال دولىسىنى چىقاردى. چۈشەندۈرسەممۇ ئۇنىمىدى، نېمە دەي؟ ئاخىردا زادىلا رازى قىلالمىدىم، قانداق قىلىمەن، ئۇلار ئىش ھەققىدىن ئاز - تولا كەم بولۇپ قالغانغا چىدىمايتتى، ھەر قانداق ئادەم ئۆز مەنپەئەتىگە كىچىككىنە زىيانلىق ئىش بولۇپ قالسا، باشقىلارنىڭ ئىلگىرىكى ياخشىلىقىنى ئۇنتۇلۇپ قالىدىكەن. بۇ بىر خىل نادانلىق بولماي نېمە؟ ئەمما نېمە دېگەنبىلەن مەنمۇ تويدۇم. ئۇلار مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈمنى چۈشەنمىدى. ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ زىيان تارتتىم. مەندە بولمىسا نېمىنى بېرىمەن، مېنىڭ رايىم بويىچە ئىش قىلغان بولسا، مەندىمۇ پۇل بولاتتى. مەندە پۇل بولسا ئۇلاردىمۇ پۇل بولىدىغۇ؟ ئىش ھەققىنى بېرىۋىدىم ماڭا رەسمىي ياندى، غۇرۇرۇمغا قاتتىق تەگدى، توختا دېدىم. ساڭمۇ، ماڭمۇ يوق بولسۇن قېنى؟ قارىغاندا پۇل تاپقان نوچىكەن، پۇل ئالدىدا ئادەم ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدىكەن، دېدىم. ئۇلار ئەينى چاغدا مېنىڭ ئالدىمدا، ئارسلانلىرى بولاي، مېكىيانلىرى بولۇپ تۇخۇم تۇغۇپ بېرەي دېگەن كىشىلەر ئىدى. مانا ئەمدى پۇل تۈگىۋىدى، ئىش ئۇنداق بولدى. ئىلگىرى مەن يول تاپقان، يۈز - ئابرۇي تاپقان نوچى دەپ قارايتتىم. مانا ئاشۇ ئەمەلىيەتنى كۆرۈپ، پۇل تاپقان نوچىكەن دېگەن يەرگە كەلدىم. چۈنكى، پۇل تاپقاندىلا يول تاپقىلى، يول تاپقاندىلا يۈز - ئابرۇي تاپقىلى بولىدىكەن. ئەسلىدە ئادەمنىڭ خۇي - مىجەزى، پەزىلىتى ياخشى بولسا، يۈز - ئابرۇي تاپقىلى بولىدۇ، ئەمما ھازىر ياخشى بولۇش بىلەنلا يۈز - ئابرۇي تاپقىلى بولمايدىكەن. بۇنداق يۈز - ئابرۇي پەقەت مەنىۋى جەھەتتىن بولىدىكەن، ئۇنىڭ ماددىي ئاساسى يارىتىلمىسا، بۇنداق يۈز - ئابرۇينىڭ ئاساسى جانلىق بولماي قالىدىكەن. مەنىۋى جەھەتتىكى يۈز - ئابرۇينىڭ جانلىق بولۇشىنى ماددىي

جەھەتتىكى قولايلىق مۇستەھكەملەيدىكەن. ھېلىقى ماڭا ھۆررۆ-پۆررۆ دېگەن خىزمەتچىلەر ئەينى چاغدا قولۇمدا ئىشلەپ نۇرغۇن پۇل تاپتى. ئاندىن كىشىلەر، باشقا رىقابەتچىلەر ئارىسىدا ئابرۇي قازاندى. رىقابەتچىلەردىن بىر قىسىملىرى تېخى ئۇلاردىن بەزىلىرىنى ئىشلىتىشنى تەكلىپ قىلغانلىرىمۇ بار. ئۇنىسى مەيلىغۇ؟ لېكىن ئادەمنىڭ پۇل تاپقىنى نوچىكەن. پۇلمۇ يۈز - ئابرۇينى بەلگىلەيدىكەن. مەن ھازىر بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئىلگىرى كىشىلەرگە، بولۇپمۇ مىسكىن، بىچارىلەرگە ھېسداشلىق قىلىپ قايغۇراتتىم. كۆز يېشى قىلاتتىم، لېكىن ھازىر ئويلىسام، ئۇلارنى مەن قۇتقۇزۇپ بولالمىغۇدەكمەن، ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشى، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ھاياتتا ئۆزىگە لايىق يولىنى تېپىشى كېرەك ئىكەن. ئۇلارنى باشقىلارنىڭ ھەرقانچە يۆلىگىنى نەتىجىلىك بولمايدىكەن. مەن ئويلىدىمكى، ھېلىقى خىزمەتچىلىرىمنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ۋە بەختىنى مەن يارىتىپ بولالمايدىكەنمەن. كىشىلىك ھاياتتا ئادەم چوقۇم ئاشۇلارنى ئۆزى يارىتىشى كېرەك ئىكەن. ئۆزى ياراتمىغان ھاياتلىق كەلگۈسىنى ئاشۇ بىر ئادەمنىڭ كەلگۈسى دېيىشكە ئەسلا مۇمكىن بولمايدىكەن. ئۇ راستتىنلا ساختا، بىچارە كەلگۈسى ياكى مەھكۇملۇق ئاستىدىكى كەلگۈسى ئىكەن. باشقىلارنىڭ قۇتقۇزۇشى ھەرگىزمۇ مەڭگۈلۈك بولمايدىكەن. كىشىلەرنىڭ قۇتقۇزۇشى ۋاقىتلىق بولۇپ قالىدۇ. بىراۋ ئۆزى تىرىشمىسىمۇ، زورۇقمىسىمۇ يەنە بىراۋ ئۇنىڭغا كەلگۈسى بەختىنى يارىتىپ بېرىمەن دەپ ھەممە نەرسىسىنى تەقدىم قىلسىمۇ، ئۇ يارامسىز بەخت، يارامسىز كەلگۈسى بولۇپ قالىدۇ، خالاس. ئۇنداق كىشىلەرنى يۆلىگۈچىلەرمۇ ھامان پۇشايمان ھارۋىسىدا ئۇخلاپ قالىدۇ.

ھالبۇكى، كەلگۈسى ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، ھەتتاكى داۋاملىق تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، مەلۇم بىر ھاجەت، توسالغۇ

بولۇش تۆپەيلىدىن توختاپ قالغان بولسا، ئۆنىڭغا قولۇڭنى سۇنساڭ، بۇ تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش بولىدۇ، ئۇ چاغدا ئەجرىڭ بىكارغا كەتمەيدۇ.

مېنىڭ يەنە بىر خۇيۇم بىر نەرسىگە زىيادە تەقۋادار ئىدىم. شۇ سەۋەبتىن، مەن سودا قىلىش جەريانىدا پايدا ئېلىش بىلەن بىرگە، نۇرغۇن زىيان تارتقان ئادەم ئىكەنمەن. پۇل تاپقاندەك تۇرغان بىلەن پۇل تاپالمىغان نوچى ئىكەنمەن. قاراڭ، مەن ھاراق - شاراب، كەيپ - ساپالىق نەرسىلەرنى، ھارام دەپ قارىغان نەرسىلەرنى سېتىشنى قاتتىق ھار ئالاتتىم. لېكىن، بۇ نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش؟! بىمەنە تۇيغۇ - ھە؟ مەن ساتسام زورلاپ ساتمايمەن. مەن ساتماي باشقىلار ساتسا ئىچىدىغانلار، چېكىدىغانلار ئوخشاشلا سېتىۋالىدۇ. ئۇلارمۇ زورلىمايدۇ، ئىختىيار قىلىدۇ. ماقۇل «يامان بولىدىغان» ئىشنى، ھەرىكەتنى قىلما. ئەمما پۇلغا ئېلىپ، پۇلغا ساتىدىغان، پۇل تاپىدىغان ئىشنى نېمە دەپ يامان دەيسەن، نېمە دەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلمايسەن؟ ئېلىم - بېرىمنىڭ ھەممىسى تىجارەت، تىجارەت دېگەن ھالال ئىش! توغرا، ئۆنىڭدىمۇ لىللا، راستچىل، سەممىي بولۇش كېرەك. بىراق، ساتتىم دەپ باشقىلارنى قاقتى - سوقتى قىلساق بولمايدۇ... ئون يىل، 20 يىلدىمۇ تىجارەت قىلىپ تاپقان پۇلىمىزنىڭ تايىنى يوق. بولىدىغان تىجارەتنى قىلماي، ھارام دەپ ياكى ھالال ئىش قىلماي، ياكى ھارام دەپ قارىغان ئىشنى چورتلا قىلماي ئۆتەلمەيدىكەنمىز. تىجارەتتە ھالال - ھارام دەپ چەك قويغان بىلەن، تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ھالال بىلەن ھارامنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىكەنمىز.

مەن نېمىشقا ئاشۇ خىل بازارنى ئىگىلىمەيمەن؟ مەن شۇنداق قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ، بىر دۇكان ئېچىپ، بىر ئوغلۇمنى دۇكاندا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم. تاپاۋىتى بەك ياخشى، ھەر كۈنى كەچتە بىر ساندۇق پۇل ئۆيگە كىرىدۇ. باللار بىلەن

سانايمەن، ھەر كۈنى كەچتە شۇنچە پۇلنى ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇپ ساناپ كۆڭلۈمدە رازى بولۇپ قالىمەن. ھاردۇقۇم چىقىدۇ. شۇنچە يىلدىن بۇيان مىليونلاپ پۇل تاپتىم، ھېلىغىچە بۇنچىلىك رازى بولغىنىمنى بىلمەيمەن. شۇنچە يىلدىن بۇيان، كارخانا ھېسابات تۈزۈمى، مالىيە قائىدىسى دېگەندەك رامكا ــ چەكلىمىلەرنىڭ سايىسىدىن ئۈركۈپ، شۇنچە كۆپ پۇللارنى ئۆزۈم سانىماي، قەغەز يۈزىدىلا، ھېساباتچىلارنىڭ دەپتىرىدىنلا كۆرگەنمەن. توۋا، ئادەم ھەقىقىي ئەخمەق بولمىسا، بېشىغا كۈن چۈشكەندە قاچقان نان قېپىلارنى يىغىپ باقامدۇ، ئاش، نان بېرەمدۇ؟ ھازىر قاراپ باقسام، بۇ ئۆزىنى ئۆزى ئەخمەق قىلغان گەپ ئىكەن. ھازىر ئويلاپ قالدىم، كىم بولسۇن، قانداق ئىش بولسۇن، قايسى خىل ئىشتا سودا ئاقسا، پۇل تاپقىلى بولسا، شۇ سودىنى قىلمىسا، ئۆزىنى تىجارەتچى مەن دېسە بولمايدىكەن. بولمىسا نامرات تىجارەتچى، ۋايساپ تەلمۈرۈپ جان باقىدىغان تىجارەتچى بولۇپ قالىسەن. شۇنى بىلىش تولىمۇ زۆرۈر ئىكەن، بۇنى بىلمەي تۇرۇپ تىجارەت قىلغان ئادەم چوقۇم ئۇتۇق قازىنالمايدۇ. يەنە بىرسى تىجارەتتە مىللەت ئايرىماسلىق كېرەك. مىللەت ئايرىغان ئادەم تىجارەتتە ياخشى پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ. تىجارەتچى ئۈچۈن ئالغاندا، ھەر قانداق بىر ھاجەتمەن تىجارەتچىگە پۇل يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مەنبە، شۇنداقلا ئەڭ ئاساسلىق پايدا يەتكۈزگۈچىدۇر. پايدا يەتكۈزگۈچى مەيلى كىم بولسۇن، قايسى مىللەتتىن بولسۇن، ئادەم بولىدىكەن، ئۇ يېتەرلىك بولغان ئورتاقلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، ئادەم ئۆزىگە ئوخشاش ئورتاق ھايات پائالىيىتىگە، ھېسسىيات ۋە تۇيغۇنۇشقا موھتاج بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق ھالەت تىجارەتچىنىڭ تىجارەت پائالىيىتىگە ئاساس سېلىپ بېرىدۇ. كىم بولسۇن، پۇل تېپىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا، چەك قويماي سودا قىلسا، چوقۇم ياخشى ئۇتۇق قازىنىدۇ. باشقا تىللارنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش، ئۆزىدە ياخشى ئادەت ۋە خۇسۇسىيەتلەرنى ئىگىلەشمۇ

پۇل تېپىشنىڭ ياخشى ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. مەن شۇلارنى ئويلاپ، مانا ئەمدى نۇرغۇن پائالىيەتلىرىمدە نۇرغۇن پۇل تاپىدىغان پۇرسەتلەردىن چەتتە قالغانلىقىمنى ھېس قىلىپ قالدىم. ھېلىقى بىر توپ كىشىلەرنى قۇتقۇزدۇم دەپ، پۇرسەتنى، ۋاقىتنى زايا قىلىپ قويۇپتىمەن. لېكىن، بۇنىڭغا پۇشايمىنىم يوق. ئەسلىدە مەن ئاشۇلارغا سەرپ قىلغان پۇللارنى يىغىپ، بىر ـ ئىككى خاسىيەتلىك ئىشنى قىلغان بولسام، تېخىمۇ ياخشى بولار ئىكەن. ھېلىمۇ كېچىكمەيمەن، ئەمدىلەتىن پۇل تېپىش يولىنىڭ مەن ماڭغان يولدىلا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن شۇنداق قارايمەنكى، مەن پۇل تاپقان نوچى دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرىمەن. قىسقىسى تىجارەتچى ئۈچۈن پۇل تاپقان نوچى ھېسابلىنىدۇ، پۇلى يوق تىجارەتچى ھەر قانچە مەرد، سېخىي بولغان بىلەن نوچىلىق قىلالمايدۇ! چۈنكى، تىجارەت پۇلنى مەنبە قىلغان، پۇلنى ۋاستە قىلغان بولىدۇ. ئۇ مەنىۋىيەتنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، بۇنداق يېتەكچىلىك پۇلدىن ئىبارەت ماددىي ۋاستىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ساختىلىقنى، مەنىۋى بىچارىلىكنى پەقەت ۋە پەقەت ياقتۇرمايدۇ. ئۇ پۈتكۈل جەرياندا ماددىنى، ھەرىكەتنى ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قىلىپ، يەنە شۇ ئارقىلىق ماددىي ھاسىلات يارىتىدۇ. بۇنداق ھاسىلات پەقەت پۇل ئارقىلىق، يەنى تېخىمۇ كۆپ پۇل ئارقىلىق، ماددىي بايلىق ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭا، تىجارەتتە پۇل تاپماي تۇرۇپ لاپ ئۇرغانغا، كۆرەڭلىگەنگە، تاكتىكا قوللانغانغا «نوچى» بولغىلى بولمايدۇ. پەقەت پۇل تېپىپ ئۇنى جايىدا ئىشلىتىپ، ئۇنى تېگىشلىك قىممەت ۋە ئاداقى ئىستىقبالغا ئىگە قىلغاندىلا، نوچىلىق قىلسا، نوچى بولۇشقا تىرىشىپ باقسا بولىدۇ. مانا بۇ، تىجارەتچى بولۇشتىكى بىردىنبىر ئالدىنقى شەرت. ھەقىقەتەن، بەزىلەر، پۇل تاپقانمۇ، يۈز ئابرۇي تاپقانمۇ نوچى دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە، تىجارەتتە يۈز ـ ئابرۇي تېپىشمۇ تىجارەتكە

پايدىلىق، ئەمما يۈز ـ ئابرۇي تېپىش بايام مەن دەپ ئۆتكەندەك بىرخىل مەنىۋى دەسمايە. كىشىلىك تۇرمۇش يولى ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، يۈز ـ ئابرۇي بەك مۇھىم. شۇڭا، دېيىش كېرەككى، ئادەم كىشىلىك تۇرمۇش، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، پەزىلەت ـ خىسلەتلىك، يۈز ـ ئابرۇيلۇق بولمىسا بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ئادەمدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئارتۇقچىلىقىمۇ دەل مۇشۇنداق ئىشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۆتۈق جەرياني مەنىۋىلىك بىلەن تولغان. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، ناھايىتىمۇ قىسمەن ئەھۋالدا ماددىي ۋاستە ئارقىلىقمۇ يارىتىلىدۇ، مەسىلەن، سېخىيلىق، كەڭ قورساقلىق قىلغانغا ئوخشاش، چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنى پۇلغا باغلاپ، ماددىي نەرسىلەرگە باغلاپ يارىتقىلى بولمايدۇ، تىجارەتتە يۈز ـ ئابرۇي تېپىش بىلەن تۇرمۇشتا يۈز ـ ئابرۇي تېپىش تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، تىجارەتتە ئىناۋەت تىكلەش ئارقىلىق يۈز ئابرۇي تاپقىلى بولسا، كىشىلىك تۇرمۇشتا سەمىمىي ساداقەتمەنلىك بىلەن، ئىقتىسادچانلىق بىلەن يۈز ـ ئابرۇي قازانغىلى بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلىك تۇرمۇشتا يۈز تاپقاننى نوچى دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. بەزىلەر: ھەممىدىن كۆرە يول تاپقان تۈزۈك، يول تاپقاندىلا يۈز تاپقىلى بولىدۇ، يۈز ـ ئابرۇي تاپقاندىلا، شۆھرەتلىك، بەختىيار ياشىغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ماھىيەتتە ئۇنداق ئەمەس.

كىشىلىك تۇرمۇش مۇرەككەپ، يولى تولىمۇ ئەگرى ـ توقاي ۋە مۇشكۈل، ھەر قانداق ئادەم بۇ يولدا ماڭىدۇ، ئەمما بۇ يولدا بىخەتەر مېڭىپ، ھاياتقا مۇناسىپ ئىمتىياز ۋە تېگىشلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇش بەك مۇھىم. مەيلى تىجارەت يولىنى، مەيلى ئىشلەپچىقىرىش يولىنى، مەيلى خىزمەتكارلىق تۇرىدىكى يولنى ئاچسۇن، پۇل تېپىشتا چىقىش يولى ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىشلاردا قايسىبىرىدە نەتىجە قازانسا ياكى

قايسىبىرىدە ئېيپى بار چىقسا ياكى شۇ ئىشلارنىڭ ئېيپىنى بىلىپ، شۇ ئىشنىڭ قېتىغا كىرىپ، ئۇتتۇق قازانسا بۇ دەل بىز دەۋاتقان يول تاپقانلىق بولىدۇ. بۇنداق پۇل تېپىش مەنىۋى ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولۇپ، ماددىي ۋاستىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. دېمەك، كىشىلىك تۇرمۇشتا دەل ئاشۇنداق يولنى ئاچقان ئادەم يول تاپقان نوچى بولالايدۇ.

مەيلى نېمە دەپ قارايلى، كىشىلىك هايات، كىشىلىك تۇرمۇشتا نوچى بولۇشنىڭ يوللىرىمۇ، ۋاستىسىمۇ كۆپ، يولى ئەگرى - توقاي، هەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقى بار. شۇڭا دەيمىز، تىجارەتتە پۇل تاپقان نوچى، تۇرمۇشتا ئىززەت - ئابرۇي تاپقان نوچى، يەنە باشقا ئىشتا شۇ ئىشقا لايىق نەتىجە، ئىززەت - ئابرۇي تاپقان نوچى بولىدۇ. قانداقتۇر كىشىلىك هاياتتا يول تاپسىلا نوچى بولىدىغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس.

بايىقى تىجارەتچى كىشىلەرگە بولغان سەسكىنىش تۇيغۇسى ۋە غەزەپ - نەپرىتى تۇپەيلىدىن هەممىنى پۇلغا باغلاپ قويىدى. بۇنى چۈشىنىشكە بولىسىمۇ، لېكىن هەممە ئىشتا پۇل تاپقان نوچى دېگەن قاراشنى يېتەكچى قىلغىلى بولمايدۇ. بايىقى كىشىدەك قايناپدىغان ئىش بىكارغىلا پەيدا بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئاشۇ ئادەم تىجارەت جەريانىدا 100 ئادەمنى باققان، نەچچە يۈز ئادەمگە چىقىش يولى بەرگەن ياكى سەۋەبكار بولۇپ پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن. ئەمما، بۇنداق كىشىلەرنى نۇرغۇن ئادەم چۈشەنمەيدۇ، ئۇلارنى پەقەت باشقىلارنىڭ كۆچى بىلەن پۇل تاپقۇچىلار، بىر قىسىم رەھىمسىز كىشىلەر دەپ قارايدۇ. دەل ئاشۇنداق قارايدىغانلار ئاشۇ غوجايىنلارنىڭ قانچىلىك دەردى بارلىقىنى ۋە قىيىنچىلىقى بارلىقىنى، ئۆزلىرى ئۈچۈن پۇل تېپىپ، تەقسىمات قىلىپ بېرىش، ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن تىجارەتتە چىقىش يولى، پۇل تېپىش يولى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ۋە شۇ ئىشلار ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى

چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاشۇلار ئۈچۈن پۈڭچەن پۇلنى تېجەۋاتقانلىقىنى پىخسىقلىق، تۈزۈمگە بويسۇنمىغانلارنى جازالاپ، جەرىمانە قويۇشنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغانلىق، ئۆزلىرى ئۈچۈن كۆۋرۈك سېلىۋاتقانلىقىنى بولسا ئالدامچىلىق، ئۆزلىرى ئۈچۈن پۇرسەت تۇغدۇرغانلىقىنى، بىچارىلىك ۋە ساختىپەزلىك دەپ قارايدۇ. ئۇلار بىچارىلىككە دۇچار بولغاندا، غوجايىن جان كۆيدۈرۈپ بېشىنى سىلايدۇ - يۇ، غوجايىنلار بىچارىچىلىككە دۇچار بولغاندا ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلمايدۇ، بەلكى يىقىلىۋاتسا يۆلىمەيدۇ، ئىتتىرىۋېتىدۇ. ئۆزىنى ئويلىغان ئادەم ئاۋۋال باشقىلارنىمۇ ئويلىشى كېرەك. باشقىلارنى ئويلىيالايدىغان ئادەم ئۆزىنىمۇ ئويلىيالايدۇ، ئۆزىنى ئويلاش ۋە ئۆزىنى قۇتقۇزۇش شەرىپىگە ئېرىشىدۇ. ئەمما، نۇرغۇن ئادەملەر نادانلىقى تۈپەيلىدىن بۇنداق شەرەپنى ئۇلاردىن ئەمەس، باشقىلاردىن، باشقا جايلاردىن ئىزدەيدۇ. شۇڭا، ئۆزىمۇ، بايىقىدەك ئۆزىنى بېقىۋاتقان كارخانىلارمۇ يوقىلىدۇ. پەقەت بىز باشقىلارنى قۇتقۇزغاندىلا، ئۆزىمىزنى قۇتقۇزالايدىغانلىقىمىزنى بىلىشىمىز كېرەك. دەل مۇشۇنداق چاغدا، مۇشۇنداق روھ بىلەن ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزالىغان قانداق ئادەم؟ ئۇ نوچى ئادەم، يەنى بىز ئىزدەۋاتقان ئەڭ نوچى ئادەم بولالايدۇ، خالاس. چۈنكى، ھەرقانداق ئىشقا نوچىلىق كەتمەيدۇ. پەقەت شۇ بىر ئىشنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى يارىتىش بىر خىل نوچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قانداقتۇر ھەممىنى ھەل قىلمايدۇ. شۇڭا، ئىش - ھەرىكەتتە نوچى بولغاندا غادايماي، نوچىمەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولمايمۇ شۇ دەرىجىنىڭ شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا، پۇل تاپقان نوچى دېگەن قاراش، شۇ كىشىنىڭ ھېسسىيات، ئۇقۇم، يەكۈن جەھەتتىكى نوچىلىقىغا تەۋە قاراش بولۇپ، باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى نوچىلىقىغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ. بىراق، بۇ يەردە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، كىشىلەرنىڭ

نوچىلىق ھەققىدىكى قاراشلىرى ۋە نوچىلىقنى ئىپادىلەشتىكى خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشاش بولمايدۇ؛ كۆپ ھاللاردا نوچىلىق قىلىش بەدىلىگە دەككە يەيدىغانلار، مۇكاپاتقا ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ دەل نوچىلىق پەيدا قىلغان خاتا تۇيغۇنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ھاسىل بولغان نەتىجە بولۇپ، ئۇنى پەقەت قىلىپ بېقىپ نەتىجىسىنى كۆرگەندىلا بىلەلەيمىز. ئالدىن بىلىشىمىز تولىمۇ تەس. يەنە كېلىپ نوچىلىقنىڭ ھەقىقىي نوچى بولۇپ شەكىللىنىشىگە نۇرغۇن جەريان كېتىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، نوچىلىق قىلىش ئۇچۇنلا نوچىلىق يولىغا كىرگەندە، خاتالىقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، خۇددى سېپىت نوچىغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشتىن باشقا يول يوق بولىدۇ.

قىسقىسى، تىجارەتتە ھالال پۇل تاپقان، كىشىلىك تۇرمۇشتا يول تاپقان، كىشىلىك ھاياتتا ئەدەپ ـ ئەخلاق ئوبرازى ياراتقان سەممىي ئادەملەرنى نوچى ئادەم دەپ قاراشقا بولىدۇ. مۇبادا، ئۇچ ئىشنىڭ ھەممىسىدە شۆھرەت قازىنالىسا، ئۇ ئادەم نوچى بولالايدۇ. ياخشى ئاتاققا ئېرىشكەن ھەر قانداق ئادەم ئەڭ نوچى بولالايدۇ؛ ياخشى ئاتاققا ئېرىشكەن ھەر قانداق ئادەم چاكىنا مىجەز، بولمىغۇر خۇلق ۋە ئىپلاس ئىشلارنى سادىر قىلمايدىغان ئادەملەردۇر!

## كەسىپ مۇھىممۇ، پۇلمۇ؟

شېئىر يېزىش ۋە ئەل ئارىسىدىكى ياخشى خۇلق ـ مىجەزى، ھەققانىيەتلىكى بىلەن داڭ چىقارغان ساتىرىك شائىر، داڭلىق جامائەت ئەربابى ئابدۇللا ياقۇپ بىلەن بولغان پاراڭدا سىياسەت، ھوقۇق، ئىمتىياز، كەسىپ، پۇل ھەققىدە پاراڭ بولدى. بىز نۇرغۇن تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن، ھېچقايسىمىز قايىل

قىلارلىق جاۋابقا ئىگە بولالمىدۇق، ھەممىمىز ئۆز گېپىمىزدە قالدۇق، ئابدۇللا ياقۇپمۇ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «كۆڭۈلدىكى سۆز پىروگراممىسى»دا كۆرسىتىلگەن «پۇل مۇھىممۇ، كەسىپ مۇھىممۇ» دېگەن تېما ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بەس - مۇنازىرىدىمۇ بىرلىككە كېلەلمەي قالغانلىقىنى، ھېچكىم قايىل قىلارلىق جاۋاب تاپالماي فىلىممۇ ئاخىرلاشقانلىقىنى دېدى. كۆپچىلىك بىلەن بولغان پاراڭدا: «پۇل بولسىلا، كەسىپنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغىلى بولىدۇ، پۇل بولسىلا ھەممە بولىدۇ، ھوقۇقمۇ، ئىمتىيازمۇ، راھەتمۇ، بەختمۇ بولىدۇ، سىياسەتمۇ پۇلغا بېقىنىدۇ» دېگەن قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. مەن: «پۇلنىڭ نۆۋەتتىكى رولىغا قاراپلا پۇلنى ئالدىنقى قاتارغا قويۇۋالساق بولمايدۇ» دېدىم. ئۇلار مېنىڭ دەلىللىشىمگە پىسەنت قىلماي قويدى. كېيىن ئابدۇللا ياقۇپ مۇنداق دېدى: «ئارمان شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى رادىل ئابلا تېلېۋىزوردا مەن كەسىپ ئۆگىنىش ۋە زاماننىڭ ئارقىسىدا قېلىشتىن ساقلىنىش، تىجارەتتە دۇنياغا يۈزلىنىش ئۈچۈن يىلىغا 100 مىڭ يۈەن تۆلەپ شاڭخەيدە كارخانا باشقۇرۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋاتىمەن دېدى. ئۇنداقتا 100 مىڭ يۈەن پۇلى بولمىسا كەسىپ ئۆگىنىش، دۇنياغا يۈزلىنىش نىشانىغا يېتەلەمدۇ؟! مەسىلەن، بىزنىڭ يېڭىساردا ۋاھاپ قارىي ھاجىم دەيدىغان بىر داڭلىق ئاشپەز بار، ئۇ بۇنىڭدىن 10 يىل ئاۋۋال چوڭقۇر بازاردا ھەپتىدە بىر كۈن گۆش پىشۇرۇپ ساتىدىغان نامرات دېھقان ئىدى. ئۇ بانكىدىن 400 يۈەن قەرز ئېلىپ ئاشخانا ئېچىپ، پۇل تاپقاندا ئاشپەزلىكنى ئۆگىنىپ ھازىر داڭلىق ئاشپەزگە ئايلاندى، ھازىر ئاشخانىسىنى 1 مىليون يۈەنگە بەرمەيۋاتىدۇ.»

سىياسەتنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشى ئۈچۈن ئىككى خىل چوڭ ھەم ئالاھىدە كۈچى بار، ئۇنىڭ بىرسى چەكلەش كۈچى، يەنە بىرسى ئېچىش كۈچى. چەكلەش كۈچى بارلىق ماددىي، مەنىۋى

ھادىسىلەرنى چەكلەيدۇ، پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويالايدۇ ياكى مەڭگۈلۈك بەربات قىلالايدۇ؛ ئېچىش كۈچى بولسا، بارلىق نەرسىلەرنى، يەنى قىلىشقا بولىدىغان ۋە بولمايدىغان، ئەمما مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېچىش، كېڭەيتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، كىشىلىك تۇرمۇش، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى يېڭىدىن - يېڭى مەنزىللەرگە باشلاپ بارالايدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر پۇل مۇھىممۇ، كەسىپ مۇھىممۇ دېگەن سوئالغا قارىتا پۇل مۇھىم دەپ جاۋاب بېرىدۇ. قارىماققا راستتىنلا پۇل مۇھىمدەك تۇرىدۇ. چۈنكى، بىز ھەر كۈنى پۇل بىلەن بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ئۇچرىشىپ تۇرىمىز. بۈگۈنكى كۈندە پۇل ھەممە ئىشنىڭ ئاچقۇچىدەك، ئاساسنىڭ ئاساسىدەك بولۇپ قالدى. پۇل بولغاندىلا كەسىپ ئىگىلىگىلى بولسا، كەسىپ ئىگىلەشنىڭ نېمە ھاجىتى، پۇل بولغاندىلا كەسىپ بولسا، پۇل بولمىغاندا كەسىپ بولمامدۇ. ئەمەلىيەتتە، پۇل بولمىسىمۇ كەسىپ بولىدۇ. پۇل تېپىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى كەسىپ. پەقەت كەسىپ بولغاندىلا پۇل تاپقىلى بولىدۇ. چۈنكى، پۇل تېپىشنى بىلىشمۇ، پۇل خەجلەشنى بىلىشمۇ بىز قوبۇل قىلىشقا، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك كەسىپ. پۇل تېپىشنىڭ يولىنى بىلىش — پۇل تېپىش كەسپى بولۇپ، قانداقتۇر كەسىپ بولماي پۇل تاپقىلى بولمايدۇ. پەقەت ئاشۇ كەسىپنى ياخشى ئۆزلەشتۈرگەندىلا، ئۆگەنگەندىلا پۇل تاپقىلى، باي بولغىلى بولىدۇ. پۇل تېپىشنىڭ، پۇلنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ ئۆزى بىر كەسىپ بولغانىكەن، ئەلۋەتتە، پۇل مۇھىم ئەمەس، ئادەمگە ئەڭ مۇھىمى كەسىپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئەمەلىيەتتە، كەسىپ ئىگىلەش ئۈچۈن پۇل بولمىسا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇدۇلغا قارىساق، راستتىلا شۇنداقلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ماھىيەتتە، ھەقىقەتەن ئىش ئۇنداق ئەمەس.

ئەمدى بىز مۇنداق بىر نۇقتىغا قاراپ باقايلى: سىزنىڭ كەسىپ ئۆگىنىشىڭىزدىكى مەقسەت نېمە؟ ئۇدۇل جاۋاب بەرسەك، ئۇنىڭدىن مەقسەت پۇل تېپىش، كونكرېتلاشتۇرساق، مەلۇم كەسىپنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشتا چىقىش يولى تېپىش، تۇرمۇشنى خاتىرجەم، باياشات ئۆتكۈزۈش، شۇ كەسىپ بىلەن شۆھرەت تېپىش ياكى بولمىسا شۇ كەسىپنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ زور ئۇتۇقلارنى قازىنىش. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىنچاقلاپ، ماھىيەتلىك مەزمۇن، يەكۈن چىقارساق، ئاخىرقى مەنە — پۇل تېپىش، پۇل توپلاش، پۇل بىلەن ئۆلچەنگىلى بولىدىغان قىممەت يارىتىشتىن ئىبارەت.

ھەر قانداق ئادەم پۇلنى كەسىپكە تايىنىپ تاپالايدۇ. پۇل تېپىش كەسىپكە بېقىنىدۇ. يەنى پۇل ئارقىلىق كەسىپنى بېيىتقىلى ۋە مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، سىز تولا چاغلاردا كەسىپ ئىگىلەش ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلىسىز. مەسىلەن: سىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيسىز، ئوقۇشتىكى مەقسىتىڭىز ياراملىق ئادەم بولۇپ، كېلەچەكتە ئۆزىڭىزنى — ئۆزىڭىز ئىدارە قىلىپ، كىشىلىك تۇرمۇشتا باياشات ياشاش، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىجادىيەت قىممىتى يارىتىشتىن ئىبارەت. بۇنداق قىممەت پۇل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دەرىجىسى، سۈپىتى ۋە مىقدارىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ئاخىرقى ماھىيەتلىك مەقسىتى پۇل تېپىش. شۇڭا، كەسىپ ئىگىلەش ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلىش كېرەك بولىدۇ. كەسىپنى ئىگىلەشكە پۇل خەجلەشنىڭ تۈپ مەقسىتى نېمە؟ ئۇنىڭ ماھىيەتلىك مەقسىتىمۇ يەنە شۇ كۆپ مىقداردا پۇل تېپىش ياكى بولمىسا پۇل ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ قىممەت يارىتىش! پۇل خەجلەپ كەسىپ يارىتىش ئىشىغا قاراپ، پۇل مۇھىم دېسەك تولىمۇ خاتالاشقان، بىر تەرەپلىمە قارىغان بولىمىز. شۇ نەرسىنى سەگەكلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، كەسىپكە

سالغان پۇل بىر خىل ۋاستە بولۇپ، كەسىپ بولمىسىمۇ پۇل بولىدۇ دەپ قاراشقا بولمايدۇ، پەقەت كەسىپ بولغاچقىلا پۇل بولىدۇ. پۇل يەنىمۇ كۆپ پۇل تېپىش ئۈچۈن كەسىپ ئىگىلەشكە سەرپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، مەيلى كىم بولسۇن، كەسىپ ئۈچۈن سالغان پۇلنى مەلۇم بىر كەسىپنى ئۆزلەشتۈرۈپ تاپقان بولىدۇ. مەسىلەن، باللار ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلاردىن پۇل ئېلىش، بانكىدىن قەرز ئېلىش، باشقىلاردىن قەرز ئېلىش، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىپ پۇل تېپىش، زىرائەت تېرىپ پۇل تېپىش، نەرسە ـ كېرەك سېتىپ پۇل تېپىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن كەسىپ بولۇپ شەكىللىنىپ ئاندىن پۇلغا ئايلانغان بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانىسىدىن بىر ئامال قىلىپ پۇل ئېلىشنى دېسەك، بالا ئاتا ـ ئانىسىدىن قانداق چاغدا، قانداق ئۇسۇلدا پۇل سورىسا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، ياكى ئۇنىڭ يولىنى ئۆگىنىپ ياكى قوللىنىپ پۇل ئالىدۇ. مانا مۇشۇ جەريانىنىڭ ئۆزى ئاتا ـ ئانىسىدىن پۇل ئېلىشنى ئۆگىنىش بولۇپ، خالىغاندا پۇل ئېلىش كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. بىز ھەربىر ئىشقا دەل مۇشۇنداق تۇيغۇ، قاراش بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، تەتبىقلاپ باقساق، پۇلنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ قانداقلا بولمىسۇن بىر ياكى بىر قانچە ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

كونىلاردىن قالغان ھېكايەت بار. ئۇنىڭدا بوۋاي نەۋرىسىگە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: دۇنيادا سەن ھاياتلا بولساڭ سەن بىلەن بىللە بولىدىغان، ئوتتا كۆيمەيدىغان، سۇدا ئاقمايدىغان، ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچكىم تارتىپ ئالالمايدىغان بىر بايلىق بار، ئۇ نېمە؟ ئۇ بىلىم. بىلىم گۈزەل ۋە مەڭگۈلۈك ئەڭگۈشتەر، ئۇ تۈگىمەس بايلىقتۇر. ئۇنى نەدە بولساڭ ئال، سوراپ بىل، ئۆگىنىپ مۇستەھكەملە!

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق دەپ

يازغان:

بىلىم ئول خەزىنە ـ گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

بىلىم ئېلىشىمۇ ماھىيەتتە بىر كەسىپ بولۇپ، كىشى قايسى خىل كەسىپ ھەققىدىكى بىلىمنى توپلىسا، شۇ خىل كەسىپنى ئىگىلەپ، شۇ خىل كەسىپ ھەققىدىكى بىلىمى چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ ۋە شۇ خىل كەسىپتە كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىدۇ. ئاتاقلىق ئالىملاردىن ئېينىشتېيىن، ئىدىسون قاتارلىقلارغا نەزەر سالساق، ئۇلار ئىلىم ـ پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىنى بىلىم ئارقىلىق ئاچقان، بولۇپمۇ ئۇلار تەبىئىي پەن ساھەسىنى ئېچىپ، دۇنيانىڭ سانائەتلىشىش دەۋرىنى ئاچتى، ئۇلارنىڭ بىلىمى ماھىيەتتە ئاشۇ كەسىپ ساھەسىدىكى بىلىمى بولۇپ، قالغان بىلىمى ئاشۇ كەسىپنى، يەنى تەبىئىي پەن كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ياردەمچى بولغان ۋە پايدىلىنىش ئاساسى قىلىنغان. بۇنىڭدا كەسىپ ئىگىلەش ئۈچۈن بىلىم ئىگىلەش، ئىلىم ئېلىش ئارقىلىق كەسىپ ماھارىتى يېتىلدۇرۇش ئەقىلگە مۇۋاپىق تەتبىقلاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دۇنيادا ھەممە ئادەم بىر كەسىپنىڭ ئەھلى بولمايدۇ، بەزىلەر بىر قانچە كەسىپنىڭ ئەھلى بولالايدۇ. سەۋەبى ئۇلاردا شۇنداق پۇرسەت، ئىمكانىيەت ۋە ئارتۇقچىلىق بار. بەزىلەرنىڭ بىرلا كەسىپنى ئىگىلەش ئارزۇسى ئۇلارنىڭ قىزىقىشىغا ۋە شەرت ـ شارائىتىغا باغلىق بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ كۆپ كەسىپلىك بولۇپ قېلىشىمۇ مۇناسىپ پۇرسەت، شەرت ـ شارائىت، ۋە مەلۇم مۇناسىپ ئىمتىيازنىڭ بولغانلىقىدىن بولىدۇ. ئەمما، بىر ئادەمنىڭ نۇرغۇن كەسىپنى بىرلا ۋاقىتتا يۈرگۈزۈشى قىيىن، بىر

ئادەمنىڭ بىرلا كەسىپ بىلەن تەرەققىي قىلىپ كېتىشىمۇ ناتايىن. بۇلاردا كۆپ خىل ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىك هامان ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن بۇ يەردە يەنە بىر نەرسىنى ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدۇ. يەنى دۇنيادا بىلىم كەڭ، چوڭقۇر، قاتلاملىرى شۇنداق كۆپ، بەك چەكسىز. بىراق، ئۇنى بىرلا ئادەم ۋە بىر قانچە ئادەم قوبۇل قىلىپ چېكىگە چىقىپ بولالمايدۇ. چۈنكى، ئادەم مېڭىسى ۋە ئادەمنىڭ ئۆمرى بەك چەكلىك. چەكلىك مېڭە ئىقتىدارى ۋە چەكلىك ئۆمۈر ئىچىدە بىر ياكى بىرقانچە بىلىمنى، يەنى بىرقانچە خىل كەسىپكە ئائىت بىلىمنى ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ. ئەمما، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى هاياتلىقتا بەكمۇ كۆپ قىرلىق بولىدۇ. ئاشۇ كۆپ قىرلىق خۇسۇسىيەتلەر كىشىلەرنى هەر تۈرلۈك كەسىپ ۋە هەر تۈرلۈك ماددىي ئېھتىياجغا ئېھتىياجلىق قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا، ئادەملەر ئۆزئارا هەر قايسى كەسىپدارلارغا هاجەتمەن، بېقىندا بولۇپ ياشاشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ كىشىلەردە بىر - بىرىگە بولغان مەنپەئەت يەتكۈزۈش، رىقابەتنى پەيدا قىلىپ، هاجەتمەنلىك بىلەن سودا - تىجارەت، تاپاۋەت هالىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، كەسىپنىڭ كىشىلىك هاياتتىكى پەۋقۇلئادە خاراكتېرىنى ئېچىپ، يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە كىشىلەر بىر خىل ياكى بىر قانچە خىل كەسىپنى مەنبە قىلىشنى، ئۆگىنىشنى، ئۆزلەشتۈرۈشنى، تۇرمۇشنىڭ چىقىش يولى، چىقىش مەنبەسى قىلىدۇ. بۇ مەنبە ئۇلارنى پۇل تېپىشقا، باي بولۇشقا باشلايدىغان ئاساسىي مەنبە بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، كونىلار بىر ئەرگە 72 خىل هۈنەر كەسىپ ئازلىق قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. مەيلى هازىر بولسۇن، مەيلى شۇ زامانلاردىكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز بولسۇن، هۈنەر - كەسىپ ئىگىلەشنى پۇل تېپىشنىڭ ئاساسى، باي بولۇش، بەختلىك ياشاشنىڭ دەسمايىسى قىلغان. قولۇڭدا هۈنىرىڭ ۋە مەلۇم

كەسپىڭ بولسا ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ بىلىم، ساپايىڭ بولسا، سەن پۇل تاپالايسەن، ئوبدان ياشىيالايسەن، باي بولالايسەن. پۇلۇڭ بولسىلا ياخشى ياشاپ كۆپ پۇل تاپالايسەن. پۇلۇم بار دەپ قاراپ ئولتۇرساڭ ياكى شۇ پۇلنى جايىدا خەجلەشنى بىلمەي قاراپ تۇرساڭ پۇلۇڭ تۈگەيدۇ. پۇلۇڭ بولسۇن، ئاندىن بىر ـ ئىككى كەسپىڭ بولسۇن، شۇ چاغدا سەن پۇل تاپالايسەن، پۇلۇڭمۇ تۈگىمەيدۇ.

پۈتكۈل جەمئىيەتكە نەزەر سالساق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كەسپى بار، ئۇلار ئاشۇ كەسىپ ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدۇ. قانداقتۇر پۇلى بولغانلىقى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلاردىن بىرىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. تاپقان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ خۇنۇكلۇكىنى كۆرۈش مۇمكىن. بىر ياكى بىرقانچە كەسىپنى بىلىدىغانلار، شۇ كەسىپ ۋە شۇ ساھەدە بىلىمى بارلار بازارلىق كىشىلەر، پۇلى بار كىشىلەردۇر. بىر كەسىپ ياكى مەخسۇس تۈردىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شىركەت، كارخانىلاردىكى شەخسلەرمۇ ھەم پۇل تېپىۋاتقان، باي بولۇۋاتقانلاردۇر. قانداقتۇر پۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن پۇل تېپىۋاتقانلار ئەمەس.

## روھىيەت تۇۋرۇكى ۋە پۇل

ئادەمدە تەدرىجىي يېتىلىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار، بۇنىڭ ئىچىدىكى غۇرۇر - ۋىجدان، ئەقىل - پاراسەت، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە تالانت، مېھىر - مۇھەببەت... قاتارلىقلار روھىيەت ئامىللىرىنىڭ تۇۋرۇكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن ئۇسۇشىگە ئەگىشىپ، تەرەققىي قىلىدۇ ۋە تاكامۇللىشىدۇ. بۇنداق يېتىلىش ئادەمنىڭ پۈتكۈل روھىي دۇنياسىنىڭ ساغلام، جەسۇر، پاراسەتلىك، گۈزەل بولۇپ تاۋلىنىش جەريانى ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا ئادەملىك سالاپەت بەخش ئېتىدۇ ۋە ھەقىقەت كۆكىدە پەرۋاز قىلىشقا قانات بولىدۇ. روھىيەت تۇۋرۇكىنىڭ كىشىلەر قەلبىدە يېتىلىشى ۋە تاكامۇللىشىشى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىكى ئوخشىماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، روھىيەت تۇۋرۇكلىرى تەبىئىي يېتىلىشتىن تاشقىرى، سۈنئىي يوسۇندىمۇ يېتىلىدۇ. دېمەك، تۇغما بولمايدىغان بۇنداق ئامىللار ئۆز يېتىلىش باسقۇچلىرىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق ئىچكى تاشقى سەۋەب ۋە ئاڭ دەۋر ئېقىملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پۇلنى مەركەز قىلغان ماددىي ئامىللارنىڭ تەسىرى ئالاھىدە كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنداقتا، پۇل بىلەن روھىي تۇۋرۇك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت زادى قانداق؟

### غۇرۇر - ۋىجدان ۋە پۇل

مۇشۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن «پالانى پۇل ئۈچۈن

ۋىجدانىنى ساتتى، پۈكۈنى پۇل ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بېرىشتىن يانمايدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى تولا ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدۇق. ھالبۇكى بۇنداق شىكايەتلەرنىڭ قانچىلىك ئاساسى بارلىقىغا بىر نېمە دېيىش تەس. بار دېيىلگەندىمۇ ۋىجدان پۇلغا ئالماشتۇرىدىغان نەرسە ئەمەس، ۋىجدان پۇلنى چەتكە قاقمايدۇ ۋە شۇنىڭدەك ئۇنى ئۆزىگە ماددىي - مەنىۋى ئاساسمۇ قىلمايدۇ. ۋىجدان چىن مەنىسىدىن ئالغاندا، پۇل ئورنىغا قويغىلى بولىدىغان، پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولىدىغان ماددىي نەرسە قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئۇ ئىنسان دۇنياسىنىڭ يىمىرىلمەس دۇنياسى بولۇپ، مەنىۋىيەتنى ئۆزىگە ئوزۇق قىلىدۇ؛ ئۇ روھىيەتنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم قورالى بولۇپ، ئادەمنى باشقا ھەرقانداق مەخلۇقتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭسىز ئادەم جېنى بار، روھى يوق قاقشالغا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ۋىجداننى پۇلغا ساتقىلى ۋە سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئادەم ئۇنىڭ پاكلىقى بىلەن گۈزەل، ساپلىقى بىلەن ئۇلۇغ، يېگانىلىقى بىلەن جاسارەتلىك بولىدۇ. جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن ھېلىقىدەك گەپلەرگە كەلسەك، ئۇ خىل گەپلەر ۋىجداننى ئۆلچەشنىڭ، كەمسىتىشنىڭ قورالى بولالمايدۇ. ئايرىم كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدىكى قىسمەن تەرەپلەر ۋىجداننىڭ ئىپادىسى بولۇشى ناتايىن. كىشىلەر مەيلى قانداقلىكى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانسۇن، ئۇ جەزمەن مەلۇم شەرت - شارائىتنى ئاساس قىلىدۇ، شارائىت - پۇرسەت ئادەمنى ئاشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا بەزى ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى «سەزگۈر» كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ۋىجداننى دەپسەندە قىلغاندەك، ۋىجداننى «ساتقاندەك» كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىپ، سەلبىي تۇيغۇ شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. كىشىلەردە ۋىجداننىڭ يېتىلىشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، پۇل چۈشەنچىسى، ئادىتى، ۋىجدانىي پائالىيەتلىرى، ۋىجدانغا تۇتقان پوزىتسىيەسى روشەن پەرقلىنىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ كىشىلەر ۋىجداننى ساتتى دەپ قارىسا، بەزىلەر ساتمىدى دەپ قارايدۇ، قارىلانغۇچى ئۆزى بولسا ئىشنى ۋىجدان بىلەن قىلغانلىقىدا چىڭ تۇرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭكىنى مۇتلەق توغرىغا چىقىرىپ، ۋىجدانىم شۇنداق قىل دېدى دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ھەر كىمنىڭ ۋىجدانى ئۇنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىگە قوماندانلىق قىلىدىغان، توغرا يولغا يېتەكلەشكە سەۋەب بولىدىغان ئاساس بولغاچقا، نۇرغۇن ھەرىكەتلەرگە قارىتا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. بىراۋنىڭ بىراۋنى ۋىجداننى ساتتى دېيىشى پەقەت شۇ كىشىنىڭ شەخسەن قارىشى، ئادىتى نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان بولىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر كىشى پۇلغا «ئۆچ»، پۇل تېپىشنى بىلمەيدۇ. يەنە بىر كىشى ئەكسىچە پۇلغا توغرا مۇئامىلە قىلىدۇ، پۇل تېپىشنى، خەجلەشنى بىلىدۇ. ھالبۇكى كېيىنكىسىنىڭ نۇرغۇن ھەرىكىتى، پۇل تېپىش يولىدىكى پائالىيەتلىرى ئالدىنقىسىنىڭ نەزىرىدە ۋىجداننى ساتقانلىق، ۋىجداننى بۇلغىغانلىق دېيىلىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمما، تېگىدىن ئالغاندا، پۇل تېپىش بىلەن ۋىجدان ئۆلچىمى زىت چىقىشى ناتايىن. چۈنكى، پۇل تېپىشقىمۇ ۋىجدان قوماندانلىق قىلىدۇ ۋە پۇل تېپىش ئۈچۈن ۋىجدان، جاسارەت بەخش ئېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ قاراش تۇسىدىكى گەپلىرىنى ۋىجداننى چۆكۈرۈشنىڭ، ئۆلچەشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ. ۋىجدان سېتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، مەلۇم كىشىگە نىسبەتەن ئۆز قارىشىدا تىكلىگەن ۋىجدانى سېتىلدى دەپ قارىلىپ بۇ خىل تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ شۇ ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ۋىجداننىڭ سېتىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ۋە بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئۆلچەمنى باشقىلارنىڭ ۋىجدانىغا ئۆلچەم قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ پەقەت ئۆز ۋىجدانىنى ئۆلچەشكىلا باب كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتكە توغرا كەلگەندە، مەردانىلىق،

ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەتئىيلىك ۋە قارشى تۇرۇش بىلەن ئۆزىنى قوغداش ماھىيەتتە ۋىجداننى قوغدىغانلىق، ۋىجدانلىق بولغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەنە بىر نۇقتىدا ھەقىقىي ۋىجدان، مەلۇم بىر ئادەمنىڭ روھىيىتىگە مەنسۇپ ۋىجداندۇر.

ۋىجدان بىلەن پۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بەكمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، چوڭقۇرراق تەتقىق قىلغاندا نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلىشى مۇمكىن. مەن بۇ يەردە دەسلەپكى كۆزىتىشلىرىم ئاساسىدا شەكىللەنگەن يۈزەكى چۈشەنچەمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

مېنىڭچە پۇل تېپىشقا بېرىلىشنىڭ ۋىجدانغا خىلاپ كېلىدىغان ھېچقانداق تەرىپى يوق. بەزىلەر پۇل تېپىش ۋىجداننى بۇلغىغانلىق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە پۇل تېپىشنىڭ سىياسىيغا پايدىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىشتە ماددىي ئاساس بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاشۇ خىل كىشىلەر ھۆكۈمەت بەرگەن پېنسىيە پۇلىنى ئاز بولۇپ قالدى دەپ زارلىنىدۇ - يۇ، يەنە پۇل تاپقۇچىلارنى ۋىجدانسىزغا چىقىرىدۇ. بۇ تولىمۇ بىمەنە قاراش بولۇپ، ئۇلارچە بولغاندا «ئۇچمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ مىدىرلىماي يېتىش كېرەكمۇ؟ ئەجەبا ئۆزلىرى نېمىشقا پېنسىيە پۇلىنىڭ ئازلىقىدىن قاقشايدۇ؟! ئۇنى قىلسا ۋىجدانسىزلىق بولسا، بۇنى قىلسا ۋىجداننى ساتقان قاتارغا چىقارسا، ئۇنداقتا ھەممە ئادەم ۋىجداننى يېپىنچا قىلىپ تەرلىنىپ ياتسۇنمۇ؟ ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا بولغىنى تۈزۈك. قاتتىقراق قىلىپ ئېيتساق، مەجنۇنلارچە «ۋىجدانىم بار» دەپ ياتسا، قورساق يەنىلا ئېچىۋېرىدۇ. ھايات ھاياتتەك، تۇرمۇش تۇرمۇشتەك بولمايدۇ. ئادەم گېزى كەلسە ئۇلۇغ، شەرەپلىك ئىشلار ئۈچۈن مەردلەرچە جاننى پىدا قىلىشى كېرەك. مانا بۇ ۋىجداننىڭ بۇيرۇقى، چىن ئىنساننىڭ ئاخىرقى نىشانى! ھالبۇكى، بىھۇدە ئەھمىيەتسىز ئىشلار تۈپەيلى بىھۇدە ئۆلۈشتىن ياشاش ئەلا. قۇتۇلۇپ قېلىش

ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ، ۋىجداننى سېلىپ بېرىش، ۋىجدانلىق ئەرنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئەھۋالدا جاننى ساقلىغان ئادەم ۋىجدانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم ئىمكانىيەت - شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا، ئۆلۈۋېلىش ۋىجدانسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. پەقەت ئىلاجسىز قالغاندا تىلەمچىلىك قىلىش ئارقىلىق ھاياتنى ساقلاشمۇ ۋىجدان جۈملىسىگە كىرىدۇ. تىلەمچىلىك قىلسام ۋىجدانىم يولغا قويمايدۇ دەپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىش ۋىجدانسىزلىق بولىدۇ. ۋىجدان جانلىق مەنىگە ئىگىكى، ئۆلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلۈشنى ياقتۇرمايدۇ. بەلكى، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي مەنىسىنى ساقلاپ قالالايدۇ. شۇڭا، پۇل تېپىش جەريانىدا ھارامخورلۇق قىلمىسىلا، ھەر قانداق ھەرىكەت ۋىجدانغا مۇخالىپ كەلمەيدۇ. ئۇنداقتا، ھەقىقەت ئالدىدا ھەقىقەتنى بۇرمىلاش ۋىجدانغا مۇخالىپ ئەمەسمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇ مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا، ۋىجدانغا مۇخالىپ، ۋىجداننى بۇلغىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە دېيىلىدىغىنى پۇل بىلەن ۋىجدان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولغانلىقتىن، ۋىجدانغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇرلاپ ئولتۇرمايمىز. گاھىدا كىشىلەر پۇلنى دەپ ۋىجدانغا ، قانۇنغا مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ، لېكىن بۇ قىسمەنلىك بولۇپ، ۋىجدانغا سادىق ئادەم بۇنى ئاڭلىق چەكلەيدۇ. مۇبادا، بىلىپ - بىلمەي خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالسا، ھامان ۋىجداننىڭ سورىقىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. شۇڭا، مەيلى كىم بولسۇن ۋىجداننى بىر ياققا قايرىپ قويالمايدۇ.

نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، غۇرۇر - ۋىجدان پۇلغا قوماندان بولغاندىلا، ساپلىق - پاكلىق بابىدا پەرۋاز قىلىپ، ھالال قان - تەر بەدىلىگە پۇل ياكى ماددىي قىممەت يارىتىشتىن ئىبارەت ئىمكانىيەتنى ۋۇجۇدقا

كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا پۇل غۇرۇر ـ ۋىجدانغا بېقىنىدۇ، پۇل تېپىش غۇرۇر ـ ۋىجداننى ئۆلچەم قىلىدۇ. قانداقتۇر غۇرۇر ـ ۋىجدان پۇلغا بېقىنمايدۇ. پۇل ئالدىدا ئۆز رولىنى يوقاتمايدۇ؛ ۋىجدان كۆپ ھاللاردا ئادەمنىڭ پۇل تېپىشتەك ئارزۇسىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى نۇرلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ.

## ئەقىل ـ پاراسەت ۋە پۇل

ئەقىل ـ پاراسەت ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا بار نەرسە بولماستىن، خۇددى ۋىجدانغا ئوخشاش تەدرىجىي بارلىققا كېلىپ يېتىلىدىغان، تەرەققىي قىلىپ تاكامۇللىشىدىغان ماھىيەتكە ئىگە. ئۇمۇ ھەر بىر ئادەمدە خاسلىقنى چۆرىدىگەن ھالدا بولىدۇ. ئۇ ئىنسان ئىقتىدارىنىڭ مەركەزلەشكەن نۇقتىسى بولۇپ، ئىچكى ـ تاشقى بىلىملەرنىڭ جەۋھەرلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنداقتا، ئەقىل ـ پاراسەت پۇلغا بېقىنامدۇ ـ يوق، بۇ جاۋاب بېرىش بىر قەدەر قىيىن، نىسبەتەن مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئەقىل ـ پاراسەتنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە ئەقىل ـ پاراسەتنى بىۋاسىتە پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ، پۇلنى ۋاسىتە قىلىپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇش ئۈچۈن، چوقۇم بىلىم ئېلىش، تەربىيەلىنىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش كېرەك. پۇل بولمىسا كەڭ دائىرىلىك چوڭقۇر بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتى ياراتقىلى بولمايدۇ؛ پۇل بولغاندىلا ئاندىن يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇغىلى، ئوقۇش ـ بىلىم ئېلىش شارائىتىنى ھازىرلىغىلى، بىلىمگە ئائىت مەنبەلەرنى ئاچقىلى، ماتېرىياللارنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق شەرتلەر يېتەرلىك بولغاندىلا ئاندىن بىلىم ئېلىش، بىلىم تولۇقلاش، ئاخىردا

ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.
«ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» دەيدىغان ھېكمەت بار. مانا بۇنىڭدىن ئەقىل ـ پاراسەت ھامان تەربىيەلىنىش، يېتىلدۈرۈشكە باغلىق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. دېمەك، ئەقىل ـ پاراسەتنىمۇ پۇل ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دېگەن ئۇقۇم تامامەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. مانا بۇ ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئومۇمىيلىقى بىلەن قىممەتلىكى ئوتتۇرىسىدىكى دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ پۇل ئالدىدىكى ئومۇمىيلىقى يەنىلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنى ئەقىل ـ پاراسەت پۇلنى باشقۇرىدۇ ۋە كونترول قىلىدۇ. پۇل ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ باشقۇرۇشى ئارقىلىق ئۆز رولىنى تولۇق، ئۈنۈملۈك نامايان قىلىش مەقسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. دېمەك، پۇل ئەقىل ـ پاراسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان چاكار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن پۇل ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئالاھىدە باغلىنىشنى بىلگەندىلا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە بىر تەرەپلىمە قاراشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

## ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە پۇل

پۇل ھەرگىزمۇ ئەخلاق ـ پەزىلەتنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەخلاق ـ پەزىلەت ئادەملەردىن ئادەملەرگە ئۆتۈشتەك ئالاھىدە نۇقتىسىدىن ئەنئەنىگە ئايلانغان، كىشىلەر تەرىپىدىن تەدرىجىي قوبۇل قىلىنىپ بېيىيدىغان ۋە چېكىنىدىغان روھىي ھالەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ پۇلى بارلاردىمۇ، پۇلى يوقلاردىمۇ بولىدۇ.
پۇلى كۆپ ئادەملەرنىڭ نۇرغۇنلىرى كەڭ قورساق، كۆيۈمچان، سەممىي، ئاق كۆڭۈل، ئېسىل پەزىلەتلىك كېلىدۇ. پەقەت

ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ئاچ كۆز، پەزىلەتسىز كېلىدۇ. پەزىلەتسىز پۇلدارلارنىڭ كۆپ قىسمى، پۇلنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى يامان ئىللەتلەرنىڭ تەسىرىدىن پەزىلەتسىز بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ھە دېگەندە پۇلنىڭ رولى بىلەن پەزىلەتلەرنى باغلىۋېلىشقا ھەم ئۇلارنى ئۆز ئارا زىتلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. بىز رادىيو - تېلېۋىزورلاردىن، گېزىت - ژۇرناللاردىن پارىخور خىيانەتچىلەرگە مۇناسىۋەتلىك دېلولارنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق جىنايىتى خەۋەردە دېيىلگىنى بويىچە «پۇلنىڭ چىرىتىشىگە» ئۇچرىغانلىقتىن ئىبارەت. ھەقىقىي ئەھۋال راستتىنلا شۇنداقمۇ؟ بۇ خىل دېلولارغا ماھىيەت نۇقتىسىدىن قاراپ تۇپ يىلتىزى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزسەك، ئۇلارنى چىرىتكىنى ئەمەلىيەتتە پۇل ئەمەس، باشقا ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. پىكرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن بىر مىسال كۆرۈپ ئۆتەيلى: شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى چۈەنچيۇ شەھەرلىك تاشقى سودا شىركىتىنىڭ خادىمى XX بىر ناخشا چولپىنىغا ئاشىق بولۇپ قالغان ۋە پۇلنى ۋاستە قىلىپ ئۇنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولغان. ئۇ زور ھەشەم - دەرەم بىلەن چوڭ بايۋەچچە قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە كۆپ پۇل خەجلىگەن. ئۇ خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە ھۆكۈمەتنىڭ 400 مىڭ يۈەن پۇلىنى خىيانەت قىلىپ، ناخشا چولپىنىغا خەجلەپ تۈگىتىپ جىنايەتچىگە ئايلانغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇنى پۇل ئەمەس، بەلكى ناخشا چولپىنىغا ئاشىق بولۇشتەك شەھۋانىي ئىستەك چىرىتكەن. ئۇ ئۆز مەقسىتىگە يېتىشتە پۇلنى ۋاستە قىلغان. پۇل ئۇنى ناخشا چولپىنىغا ئاشىق قىلغان ئەمەس، ئۇ ناخشا چولپىنىغا ئاشىق بولغان تەقدىردىمۇ، پۇل بولمىغان بولسا

ئۇنداق پاتقاقتا پېتىپ قالمىغان بولاتتى دېگىلى بولامدۇ؟ ياق، چۈنكى ئۇ ئاشىق بولغان ۋە «ۋىسال» غا يېتىشنى نىيەت قىلغانىكەن، پۇل بولمىغان ئەھۋالدا باشقا نەرسىنى ۋاستە قىلىشى، باشقا چارە - ئۇسۇللارنى قوللىنىشى تۇرغانلا گەپ. دېمەك، ئۇنى چىرىتكىنى پۇل بولماستىن، بەلكى ئاشىقلىقتۇر. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەزىللىك قىلماقچى بولغان ئادەم، مەيلى پۇل بولسۇن، مەيلى پۇل بولمىسۇن، مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئاۋۋال رەزىللىكنى ئويلىماي قالمايدۇ. پۇل ئارقىلىق رەزىللىك قىلغۇچىمۇ پۇلنى ۋاستە قىلىشتىن ئاۋۋال باشقا نەرسىلەرنى ۋاستە قىلىشنى پىلانلايدۇ. ئۇ خىل نەرسە مەقسەتكە يېتىش كۈچىدىن قالغاندا، ئاندىن پۇلنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق رەزىل مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى مۇمكىن. ئەمما، نۇرغۇن ئىشلاردا پۇلنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىقمۇ كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن ھېس قىلىش مۇمكىنكى، پۇل ئادەملەرنى چىرىتكۈچى، رەزىللىك پەيدا قىلغۇچى، ئەخلاق - پەزىلەتنى بۇزغۇچى بىردىنبىر ۋاستە ئەمەس.

## مېھىر - مۇھەببەت ۋە پۇل

ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەت ۋىجداندىن قالسا، پۇلغا ۋە ھەرقانداق بىر ماددىي نەرسىگە سېتىۋالغىلى ۋە ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ تۇپ ماھىيىتىدىن ئەڭ ساپ، ئەڭ گۈزەل ئامىل بولۇپ، ئادەمنىڭ قەلب قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ ۋە تەبىئىي ھالدا يېتىلىدۇ. ئۇنى ھەرقانداق بىر كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ. ئۇ ھەر بىر ئادەم قەلبىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، مەڭگۇ ئىسسىقلىق تارقىتىدۇ.

مېھىر - مۇھەببەت پۇلغا بېقىنمايدۇ، پۇلنى مەنبەمۇ قىلمايدۇ. پۇل ئۇنىڭغا قىسمەن تەسىرلەرنى كۆرسەتسىمۇ، ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە تەبىئىتىنى ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ. ئۇ ئادەم تاكامۇللاشقانسېرى چوڭقۇرلاپ بارىدۇ. گاھىدا ئۇ قىسمەن ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن سۇسلىشىدىغان ئەھۋالمۇ كۆرۈلىدۇ، لېكىن تۈگىمەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئېسىل ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن كۈچىيىدۇ. قىسمەن سەلبىي ئامىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا ئۇخشاش بولمىغان دەرىجىدە پەلەمپەي ھاسىل قىلىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا كىشىلەرنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى مېھىر - مۇھەببىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. يەنى مەلۇم بىر ياخشى ئىش مەلۇم بىر ئادەمدە مېھىر - مۇھەببەت تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ. بۇ مېھىر - مۇھەببەتنىڭ نىسبەتەن مۇھىم ۋە قىسمەن تەرىپى بولسىمۇ، ئۇنىڭ خاسلىقىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ھالبۇكى، مېھىر - مۇھەببەت ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن، ماددىي ۋاسىتىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ ماھىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن، پەرھاد - شېرىن، تاھىر - زۆھرە، رابىيە - سەئىدىنلەرنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە ئۇخشاش.

ۋاھالەنكى، بەزى كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندە مېھىر - مۇھەببەتنىمۇ پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدۇ دەپ قاراشماقتا. تېگى - تەكتىدىن سۈرۈشتۈرگەندە، بۇ قىممەت قارىشى تۆۋەن كىشىلەرنىڭ مېھىر - مۇھەببەت بىلەن پۇلنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىققان خۇنۇك، بىمەنە قارىشىدۇر. پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ دەپ قارايدىغان، پۇلنى ھەممە ئىشنىڭ ئاساسى قىلىۋالىدىغان كىشىلەرنىڭ «مۇھەببەت كەچۈرمىشى» ھەر قانچە تەسىرلىك بولسىمۇ، بۇنداق مۇھەببەتنىڭ ئاخىرى كۆڭۈللۈك بولمايدۇ. قىسمەنلىككە ياتىدىغان بۇخىل ئەھۋاللارغا قاراپ، مېھىر - مۇھەببەتنىمۇ

پۇلغا بېقىنىدۇ دېيىش توغرا ئەمەس.
بىلىش كېرەككى، مېھىر - مۇھەببەتنىلا پۇلغا سېتىۋالغىلى بولماستىن، غەزەپ - نەپرەتنىمۇ پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. كېسەلنى داۋالىتىپ سالامەتلىكنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولسىمۇ، دۇنياغا قايتا تۆرىلىشنى، قېرىماي مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرۇشنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا ئەقىدە، ساداقەتمەنلىك، ۋاپادارلىقلارنىمۇ پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

## تالانت ۋە پۇل

تالانت ئادەمدە تەدرىجىي يېتىلىدىغان ئالاھىدە بىر خىل ئىقتىدار بولۇپ، ئۇ تۇغما بولغاندىن تاشقىرى، تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەنمۇ يېتىلىدۇ. ئەلۋەتتە تەبىئىي تالانتنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، ئەمما تەدرىجىي يېتىلىدىغان تالانت چوقۇم پۇلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. دېمەك، پۇل تالانتقا ئەكس تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى تالانتنىڭ يېتىلىشىدە كۈچلۈك تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئادەم بىرەر كەسىپ ياكى پەن تەتقىقات تۈرىدە تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىش ئۈچۈن سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقتىن باشقا، يەنە ماددىي شارائىتقا تايىنىدۇ. پۇل بۇ خىل ماددىي شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىشتىكى ئالدىنقى ۋاستە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئەستە تۇتۇش ھاجەتكى، پۇل تېپىشمۇ مەلۇم نۇقتىدا تالانتقا موھتاج بولىدۇ. زامانىمىزدىكى نۇرغۇن تىجارەتچىلەر بۇ كەسىپتە دەل بىز دەۋاتقان تالانت ئىگىلىرى بولۇپ، پۇل تېپىش قىزغىنلىقى ئۇلارنى جىم تۇرغۇزمايدۇ. بۇ قارىماققا پۇل مەستانىلىقىدەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ ھاياتلىق بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇلار بۇ يولدا ئاز بولمىغان تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئاخىردا پۇل

تېپىشنىڭ ماھىرىغا ئايلانغان. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تالانتقا يالغۇز تىرىشچانلىق بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭدا پۇلنىڭ ھەيدەكچىلىك ۋاستىچىلىك رولىغا سەل قاراش ئاقىلانىلىك ئەمەس. تالانت دېمەك، پۇل دېمەكتۇر. چۈنكى، ھەر قانداق تالانت ئىگىسى تالانتقا تايىنىپ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتالايدۇ. گېپىمىزنى خۇلاسىلىگەندە، تالانت بىلەن پۇلنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولىدۇ.

# «نامرات باي، نامرات تىجارەتچى» يەنىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا!

بىركۈنى بىر سورۇندا تىجارەتچى، پۇلى بار بىر قىسىم بايۋەتچىلەر ھەققىدە پاراڭ بولۇپ قالدى. بۇ پاراڭغا قوشۇق سېلىپ، بىر - بىرىمىزنى كولىماسلىقىمىزنى، غەيۋەت قىلىشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى تىلغا ئالغان بولسامۇ، سورۇن ئەھلىنىڭ ئاغزى بېسىقمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى مۇنداق دېدى: «ئۇيغۇرلارنىڭ بايلىرى باي ئەمەس نامرات، تىجارەتچىلىرى باي ئەمەس نامرات، مەن شۇنداق قارايمەن. ئۇلار ئەزەلدىنلا نامرات، ھازىر پۇلى بولسىمۇ يەنىلا نامرات، بىزدىكى نۇرغۇن نامراتلارنى پەيدا قىلىۋاتقان ئادەملەرمۇ دەل ئاشۇ ئاچ كۆزلەر...»

بۇ گەپلەر بىردىنلا دىققىتىمنى تارتتى، سورۇندا باشقىلارمۇ راست، راست دېيىشتى. مەن بۇ گەپنى ئىسپاتلاش ئۈستىدە ئىزدىنىپ باقتىم. قارىسام، بۇنىڭدا نۇرغۇن سەۋەب ۋە ئەمەلىي پاكىتلارمۇ بار ئىكەن. ئەڭ مۇھىمى ئۇنى بايقىشىمىزدا ئىكەن. بىز بىر قارىساق، ئۇ ئىشلار چوقۇم شۇنداق بولىدىغاندەك قىلىدىكەن، ئىچكىرىلىسەك ۋە تەتبىقلاپ باقساق ئەسلىدىكى ماھىيەت بىز ئويلىغان ۋە بىز قوبۇل قىلغاندەك ئۇنچىلىك ئاددىي ئەمەس ئىكەن. بايقى كىشىنىڭ ئېيتقانلىرى ۋە يەكۈنلىگەنلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى بار ئىكەن. بىز تۆۋەندىكىلەرگە قاراپ باقساقلا، بۇ ھەقتىكى ماھىيەتنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

# 40 مىليونغا قانائەت قىلمىغان ئەبگار

بىر كۈنى كەچتە بىر دوستۇم بىر تىرە ئىلىپ - سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى باشلاپ كەلدى.

- مېنىڭ مەقسىتىم مۇنداق، - دېدى ئۇ ماڭا چۈشەندۈرۈپ، - قانچە پۇل كەتسە مەيلى، سىلىمۇ بىلىلا تاختا كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىكى تىرە - ئۈچەي بازىرىنى مەن قۇرۇپ ھازىرقى ھالغا كەلتۈرگەنىدىم. يېقىندا XX ناھىيەدىن كەلگەن بىر قەلەندەر ئاپاق غوجام مازىرىنىڭ بۇ يېنىدىن بىر دېھقاننىڭ ئۆيىنى ئىجارە ئىلىپ، ئۇنىڭ - بۇنىڭ ئاغزىنى ياغلاپ، شۇ ئۆيدە تىرە - ئۈچەي توپ بازىرىدىن بىرنى قۇردى. بۇنىڭ ماڭا كەلتۈرگەن زىيىنى ناھايىتى بەك ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. بۇنى قانداق قىلىپ بولسۇن بىر تەرەپ قىلىپ كۆزدىن يوقاتمىسام ئارام يوق. پەقەت بولمىسا مەن قوشۇۋالمىسام بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشىمغا مەسلىھەت بەرگەن بولسىلا؟!

- رەسمىيىتى يوق ئۇنداق ئورۇننى ئاچالمايدۇ، بۇنىڭغا گەپ قىلساق ئاغزىمىز كۆيىدۇ. - دېدىم مەن چۈشەندۈرۈپ، - قوشۇۋالىمىز دېسەكمۇ تازا مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇنىڭ بىلەن تىركەشمەي، ھەمكارلىشىپ تىرە - ئۈچەي بازىرىنى جانلاندۇرساڭلارمۇ بولىدىغۇ؟

- سىز مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشەنمىدىڭىز؟

- بولدى چۈشەندىم، سىلىگە دېسەم، ھازىر رىقابەت ناھايىتى كەسكىن بولۇۋاتىدۇ ، ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇلار سىزگە رىقابەتچى بولۇپ قاپتۇ.

- دەل تاپتىلا، ئۇ گۆيلار ھالىغا باقماي ماڭا شىلتىڭ ئېتىۋاتىدۇ دېسىلە؟! مەن كىم، ئۇلار كىم؟ مېنىڭ 40 مىليون پۇلۇم نەق بار، ئۇ نېمىلەرنىڭ 40 مىڭ يۈەن پۇلىمۇ يوق! يالاڭ

تۆش دېسىلە، بوزەك قىلىمەن دېسە ئادەمنىڭ قاراپ تۇرغىسى كەلمەيدىكەن! ...

— پۇلۇڭلار شۇنچىلىك كۆپ ئىكەن، يەنە نېمە دەپ ئۆزۈڭلاردىن تۆۋەنلەر بىلەن زىددىيەتلىشىسىلەر؟ ئۇلارغا ھۆكۈمەت بىكارچىلا رەسمىيەت بېرىپ، تېرە - ئۆچەي سېتىش ئورنى قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىدىغان ئىش يوق. رىقابەتچى پەيدا قىلىپ، مۇشۇ خىل ئورۇنلارنىڭ مۇلازىمەت، سېتىپ چىقىرىش ئىشلىرىنى تېخىمۇ جانلىق قىلىشنى كۆزلەيدۇ. بۇنىڭ ھېچقانداق يامان يېرى يوق. سىلە پۇللىرى كۆپ تۇرۇپ نېمىدىن قورقىلا، مۇلازىمەتنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، شارائىتنى تېخىمۇ قولاي قىلىپ، ساتقۇچىلار ۋە سېتىۋالغۇچىلارغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭسىلا، يەنىلا بولىدۇ. ھەتتاكى ناھايىتى ياخشى بولىدىغۇ؟

— مېنىڭ شۇنداق قىلىشقا ۋاقتىم بارمۇ دېسىلە، ھازىرغىچە بۇ بازارنى قۇرغان 10 نەچچە يىلدىن بۇيان باشقىلارنىڭ مۇشۇ خىل بازار قۇرۇشىنى توسۇپ قۇرغۇزمىغان ئىدىم، نەدىن كەلدى بايىقى گۇيلار، بۇ ئىشنى كۆتمىگەن يەردىن قىلىۋالدى. مۇشۇ تاپتا ئىچكىرىدىكى تېرە - ئۆچەي زاۋۇتلىرىدا 20 مىليون يۈەن پۇلۇم زاكالەت ھېسابىدا تۇرىدۇ.

— نېمە دېدىلە؟ 20 مىليون يۈەن پۇللىرى ئىچكىرىدىكى زاۋۇتلاردا؟ سىلى تېرە، ئۆچەي ساتىلا، ئۇلار سىلىنىڭ 20 مىليون پۇللىرىنى زاكالەت قىلىپ تۇرۇپ، تېرە - ئۆچەيلىرىنى سېتىۋالىدۇ، قىزىقكەنغۇ؟ سىلە ئەۋەتكەن تېرە - ئۆچەينى يەنە ئۆزلىرىنىڭ پۇلىغا ساتىدىكەنلىغۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، سىلە بىلمەيلا!

— ئىنىقلا شۇنداق تۇرسا، نېمىنى بىلمەپتىمەن؟ سىلىنىڭ 20 مىليون پۇللىرىنى ئۇلار خەجلەۋېتىپتۇغۇ؟ دېمەك، سىلىنىڭ شۇ پۇللىرىغا زاۋۇتنى ماڭغۇزۇۋېتىپتىغۇ؟

– 30 يىل مۇشۇ ئىشنى قىلىپ تاپقان پۇل دېسىلە.

– شۇنداق بولغاندا، ھەر يىلى 2 مىليون يۈەندىن پايدا يارىتىپسىلەر، نەچچە ئادەم؟

– ئۈچ بىر تۇغقان.

– يارايسىلەر، بىراق سىلەر باشقىلارنىڭ تېرە - ئۈچەي توپ تارقىتىش ئورنى ئېچىشىدەك كىچىك ئىشقا قادىلىۋالماي، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىڭلار،

– مەسىلەن، نېمە ئىش قىلىمىز؟ باشقا ئىش قىلساق ئەمدى ئەپلەشمەيدۇ.

–مۇشۇ كەسىپكە ماس كېلىدىغان يەنە باشقا ئىشنى قىلساڭلار بولىدۇ. مەسىلەن، كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى، ئاياغ كىيىم زاۋۇتى قۇرۇش دېگەندەك.

– بىزگە نەدىمۇ ئۇنىڭغا يول بار دەيلا؟

– بار، قىلىمەن دېسەڭلار يولىنى مەن ئېچىپ بېرىمەن. 20 مىليون پۇلۇڭلارنى باشقىلار ئىشلەتكۈچە مۇشۇ يەردە كارخانىغا سەرپ قىلساڭلار، ھەممىگە يېتىدۇ. نۇرغۇن ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ، خام مەھسۇلاتنىڭ تەننەرخى سىلەر ئىشلىگەندىن كېيىن ئىككى - ئۈچ ھەسسە ئاشىدۇ. شۇ ئىش بىلەن سىلەر پۇل تاپقان، يول تاپقانغا يارىشا، تەرەققىي قىلىسىلەر.

– بولدى ماڭا تەلىم بەرمىسىلە!

– تەكلىپ بەردىم، زاۋۇتتىن بىرنى قۇرۇپ قويسىلا. ئىش ئىزدەپ يۈرگەن ياشلىرىمىزدىن نەچچە ئون كىشى ئىشقا ئورۇنلىشىپ قالاتتى...

– بۇنى بىلىدىغان كىم بار، قويسىلا ئۇنداق ئەخمەقلىقنى!

– ئەخمەق بولسىلا، سىلىگە 40 مىليون پۇلنى بەرگەن خەلققە ئەخمەق بولىلا، باشقا ئىش يوق. ياخشىلىقنى شۇ خەلق بىلىدۇ؟!

بىر ياكى بىرنەچچە يۈز ئادەمنىڭ ھاياتىغا شۇنچىلىك كۆپ

پۇل كەتمەيدۇ. لېكىن، بىزنىڭ بۇ تىجارەتچى بايلىرىمىز يەنىلا پۇلغا تويمايدۇ. تويماسلىق يوقلۇقتىن بولىدۇ، ئەمما بۇ ئادەملەر ئۇچۇن ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپ تويماسلىقمۇ ئىككىنچى بىر خىل نامراتلىق بولۇپ، ئۇنداق ئادەملەرنى بۇنداق پاتقاقتىن قۇتۇلدۇرۇش شۇنچىلىك قىيىن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ شۇنچە يىل يېمەي يىغقان مۈلكى ئۆزىگە نېسىپ بولماي كۆپ ھاللاردا باشقىلارنىڭ ئولجىسى بولۇپ كېتىدۇ.

پۇلى بارلار دائىم پۇلى يوقلارنى شىلىدۇ، ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئېلىۋالسا بەرمەي قاقشىتىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇلىدا نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھەققى بولىدۇ، شۇڭا ئۇ مەلۇم چەككە يەتكەندە، ئۇنى يەنە باشقىلارغا باشقىچە يول بىلەن پايدىلىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق قايتۇرۇشى كېرەك. بايىقى تېرە - ئۇچەي ساتقۇچىنىڭ 40 مىليون پۇلىدا ئۇنىڭغا نەچچە يىلدىن بۇيان مەھسۇلات ساتقان كىشىلەرنىڭ ھەققى بولىدۇ. بۇنى بىز كۆرۈنۈش جەھەتتىن ئەمەس، ھېسسىيات ۋە ئىچكى يوشۇرۇن ماھىيەت جەھەتتىن تەتبىقلىساق، ئۇنىڭ راستلىقىنى كۆرەلەيمىز، بايىقى ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ۋە تەپەككۇرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى قاراش نامراتنىڭ قارىشى، تەپەككۇرى نادانلىق بىلەن تولغان بىچارىلىك، خالاس.

قۇرۇلۇش كارخانىلىرى غوجايىنلىرى ۋە ئۆي سودىگەرلىرى مۇنداق قارايدۇ: بىز باشقىلارنىڭ پۇلىنى دەسمايە قىلىپ ئۆي، يەرگە ئىگە بولىمىز، بىراق بىزنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىمىز بەكمۇ چەكلىك بولىدۇ. بىز چەكسىز پايدىلىنىش ھوقۇقىنى سېتىۋالغۇچىلارغا بېرىۋېتىمىز، بىزنىڭ ئارىدىن ئالىدىغان پايدىمىز پەقەت مۇلازىمەت قىلىپ يۈرۈشلەشتۈرۈش ھەققى. دېمەك، چوڭ پايدىنى بىز ئەمەس، سېتىۋالغۇچىلار ئالىدۇ. شۇڭا بىز مەڭگۈ زىيان تارتمايمىز!

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىنا سېتىۋېلىشى ئېھتىياجدىن بولىدۇ.

ئۇلاردا راستتىنلا ئۆزى ئويلىغاندەك، ئارزۇ قىلغاندەك تۇرالغۇ ئۆيگە ئىگە بولۇش ئېھتىياجى بار. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆزى شۇ ئۆينى سېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. ئۆي - مۈلۈك غوجايىنلىرى مانا مۇشۇنداق ئېھتىياجنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ناھايىتىمۇ ماھىر. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسىدىكى تەلەپ - ئېھتىياجنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىگىلەپ، ئالدىن پۇل يىغىپ ئۆي سالىدۇ. ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك سالغان شۇ ئۆي سېتىۋالغۇچىنىڭ ئېھتىياجىغا، تەلىپىگە ئۇيغۇن بولىدۇ. دېگەندەك، ئۇلار ئۆيگە، يەنى ئۆينى ئۇزاق مەزگىل پايدىلىنىشتەك كەڭ پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. بۇ بىر خىل ئىچكى - تاشقى رازىمەنلىكنى شەكىللەندۈرۈپ، تۆلىگەن پۇلنىڭ زايا كەتمىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ. بۇ يەردە سەرپ قىلىنغان پۇل ھەققانىيەت نۇقتىسىدىن، باراۋەرلىكنى، ئادىللىقنى نامايان قىلدى. بۇنداق تەڭپۇڭلۇق ئۆي مۈلۈك بازىرىنى شۇنچىلىك جانلاندۇردى. تەرەققىي قىلدۇردى. دېمەك، ئۆي - مۈلۈك غوجايىنلىرى باشقىلارنىڭ پۇلىنى ئالسىمۇ، شۇنىڭغا لايىق پايدىلىنىش ھوقۇقىنى قايتۇرۇپ بەردى. بۇ ھال سودا - تىجارەتتىكى قىسمەن ھالەتنى بۇزۇپ، تاشلاپ كىم ئىقتىدارلىق بولسا شۇ پايدىلىنىش، كىم ئادىل، پايدىلىق ئىش قىلسا، شۇنىڭغا مەركەزلىشىشنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. مانا بۇ سودىنىڭ، تىجارەتنىڭ چېگراسى يوقلۇقتەك ئومۇمىيلىقنى ئېچىپ بەردى.

ئەمدى بىز بايىقى 40 مىليون پۇلى بار تېرە - ئۇچەيچىگە نەزەر سېلىپ باقايلى. ئۇنىڭدا باشقىلارغا بېرىدىغان پايدىلىنىش ھوقۇقى بارمۇ؟ يوق. ئۇ تېخى باشقىلار ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان بازار ھوقۇقىنىمۇ تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىش كويىدا. ئۇنى تارتىۋېلىش غەرىزىنىڭ ئۆزىلا زەھەرخەندىلىك بولۇپ، ماھىيەتتىن ئالغاندا ئۇنىڭ چىقىش قىلغىنى ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى، پايدىسىنىلا

كۆزلەشتىن ئىبارەت نادانلىق ھەم بىچارىلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنداقلاردا باشقىلارنىڭ پايدىلىنىش ھوقۇقىنى بېرىش ئىقتىدارى بولمايدۇ، ئۇلار ھەممىنى ئۆزۈم تاپتىم، ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ، باشقىلار تاپىدىغىنىمۇ ئۆزەمنىڭ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇنداقلارنىڭ زىممىسىگە باشقىلارنىڭ نۇرغۇن پايدىلىنىش ھوقۇقى يۈكلىنىپ قالغان بولىدۇ. بۇنى ئادەملەر ئېلىپ كەتمەيدۇ، ھېس قىلمايدۇ. ئاقىۋەتتە ئۇلار تاپقان شۇنچە كۆپ پۇلنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ، بەرىكىتى چىقمايدۇ، مەسىلەن، ھېلىقىدەك باشقىلار 20 مىليونلاپ پۇلنى ئىشلىتەلىدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ پۇلىغا ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتىنى سېتىۋالىدۇ. يەنە بىر مەزگىللەردىن كېيىن بولسا، قولىدىكى پۇلى بىلەن كۈتمىگەن يەنە بىر ئىشلارغا، ئالدامچىلارغا قويۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرد چېكىپ، ئاھ ئۇرۇپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن خاراب بولۇپ تۈگىشىدۇ. شۇنچە كۆپ پۇلنىڭ مېغىزىنى چاقالماي، ئۇ پۇللار باشقىلارغا نېسىپ بولۇپ كېتىدۇ. ئالايلۇق، تۇيۇقسىز قازا قىلىش، كۈتۈلمىگەن ھادىسىگە يولۇقۇش دېگەندەك. بۇنداق ئەمەلىي مىساللار ناھايىتى كۆپ.

نېمىشقا بىز بايىقى 40 مىليون پۇلدا باشقىلارنىڭمۇ پايدىلىنىش ھوقۇقى بار دەيمىز؟ چۈنكى تېرە ـ ئۆچەي بىر خىل يەرلىك مەھسۇلات بولۇپ، ئۇنى بايىقى تىجارەتچى ئىشلەپچىقارماستىن، بەلكى دېھقانلار ھەم شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش، يېتىشتۇرۇش ئارقىلىق تەييار قىلىپ بېرىدۇ، گەرچە ئاشۇ نەرسىلەرنى يېتىلدۈرگۈچى چارۋا مالنىڭ سېتىلغاندىن كېيىنكى ھەقدارلىقى تۈگىگەن بولسىمۇ، سېتىش ھالقىلىرى ۋە سېتىۋېلىش جەريانىدىكى ئېگىز ـ پەسلىك تۈپەيلىدىن يەنىلا ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەلۇم نىسبەتتە ھەققى قالىدۇ، يەنى پايدىلىنىش ھوقۇقى قالغان بولىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە سېتىش ـ سېتىۋېلىشتىكى ناھەقچىلىك مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ نىسپىيلىك دەپ قارالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىز بىلىپ تۇرۇپ،

بۇنىڭغا يول قويىمىز، يول قويۇشتا بولسا مەلۇم نىسبەتلىك پايدىلىنىش ھوقۇقى ساقلىنىپ ساقىنىدى بولۇپ بىللە ماڭىدۇ. بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن باشقىلاردىن قىسىپ شىلىپ يىغىۋالغان پۇل دەپ قارىغان تەرەپمۇ دەل مۇشۇ. 40 مىليون پۇلنىڭ قولغا كېلىشىدە كۆپ تەرەپلىمە ئامىل بار. ئاساسلىقى ئۇنىڭدا ئىككىلا ئامىل بار. ئۇنىڭ بىرسى، بايىقىدەك قىسىش، باشقىلارنىڭ پايدىلىنىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش، يىغىش؛ يەنە بىرسى، يۆتكەش، سېتىش جەريانىدىكى قوشۇلما قىممەت، يەنى ئۇچىنچى قول سېتىۋالغۇچىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىدىكى يۇقىرى باھالىق سېتىۋېلىشتا بولىدۇ. ئەسلىدە، تېرە - ئۇچەينىڭ ئەسلىي كېلىش مەنبەسىنىڭ پايدىلىنىش ھوقۇقى چەكسىز، كەڭ بولۇشى كېرەك، بىراق ئۇنى بايىقىدەك كىشىلەر تارتىۋالغان. بۇنى ئېلىم - سېتىم يولى بىلەن تارتىۋالغان، بۇ قارىماققا توغرا. ماھىيەتلىك نۇقتىدىن قارىغاندا، تارتىۋېلىنغان پايدىلىنىش ھوقۇقى ئىككىنچى بىر خىل يول بىلەن قايتۇرۇلۇشى زۆرۈر ئىدى.

ئۇنداقتا ئىككىنچى بىر خىل يول قايسى؟ ئاددىي قىلغاندا، ئۇلار باشقىلارغا، جەمئىيەتكە، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ چەك - چېگراسى يوق، قانداق قىلىمەن دېسە، زاۋۇت - كارخانىلارنى قۇرۇشى كېرەك. بىرقانچە يىل ئىلگىرى مەن ئىچكىرىدىكى بىرنەچچە كارخانىنى كۆردۇم. جېجياڭدىكى بىر كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىدا يىلىغا 50 مىڭ ئادەم قېتىم ئىشچى ئىشلەيدىكەن. بۇ ئاز سان ئەمەس، بايىقى «نامرات» — باي زاكالەت بەرگەن 20 مىليون پۇلغا مۇشۇنداق زاۋۇتتىن بىرنى قۇرۇپ قويسا، ئۇ ئېيىغا 1000 ئادەم قېتىمنى ئىشلەتسىمۇ، بىر يىلدا 12 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان بولىدۇ. 12 مىڭ ئادەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، تۇرمۇشىنى قامدايدۇ، بۇمۇ بىر خىل كۆيۈنۈش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۆز زىممىسىدىكى يىغىلىپ قالغان پايدىلىنىش ھوقۇقىنى قايتۇرغانغا ئوخشاش ئىش بولىدۇ. دېمەك،

بۇ خىل يول 40 مىلىيون يۈەننىڭ ھەقىقىي چىقىش يولى بولۇپ قالغان بولىدۇ. چۈنكى، بىر زاۋۇت قۇرۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئىش ئورنى ھازىر بولۇش بىلەن بىرگە، باشقىلار پايدىلانسا بولىدىغان نۇرغۇن ئۆتكەل پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، يەرلىك مەھسۇلاتلار پىششىقلىنىپ، ئۇنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئاشىدۇ، باج - پايدىسى كۆپىيىدۇ؛ بازار شەكىللىنىپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئادەم نەپكە ئېگە بولىدۇ، زاۋۇت ۋە مەھسۇلاتقا ماس كېلىدىغان تېخنىكلار قوشۇنى بارلىققا كېلىپ، ئىختىساسلىقلار يېتىلىپ، تەرەپ - تەرەپكە يۈزلىنىپ، بايلىق يارىتىش تېپىدىكى ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتى تۇغۇلىدۇ؛ ئۆز رايونىدا سانائەت ئاساسى بەرپا قىلىشقا ئاساس سېلىپ، تەجرىبە ۋە يېتىلىش سورۇنى بىلەن تەمىن ئېتىش ئىشقا ئاشىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پايدىلىنىش ھوقۇقى بېرىدۇ. بۇ خىل پايدىلىنىش ھوقۇقى 40 مىلىيون پۇلنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ. سۈپىتىنى ئاشۇرىدۇ، پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ناھايىتى يۇقىرى بالداققا كۆتۈرىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، 40 مىلىيون پۇل ھېچيەرگە كەتمەيدۇ. ھەقدارغا ئاۋارىچىلىك، ئازاب ئېلىپ كەلمەيدۇ.

كىشىلەر ئاغزىدىكى گەپلا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە دۆلەت يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان ناھايىتى بەك تەرەققىي قىلدى. ئىقتىسادتا كۈچلۈك دۆلەت قاتارىغا ئۆتتى. بۇنى نۇرغۇن كىشىلەر يۈزەكى ھالدىلا ئىسلاھات تەرەققىياتىنىڭ، تەدبىرنىڭ كۈچلۈك، جايىدا بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىدى. ئەمەلىيەتتە دۆلەت مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى، تەرەققىي قىلدۇردى. يەنى دېموكراتىيە جەھەتتە مەركەزلەشتۈردى. ئىقتىسادىي جەھەتتە كەڭ قويۇۋېتىپ، كىشىلەرگە پايدىلىنىش ھوقۇقىنى كەڭ يۈرگۈزۈش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. ھەربىر ئادەمدىكى پايدىلىنىش ھوقۇقىنىڭ كەڭ، ئەتراپلىق يولغا قويۇلۇشى، ئېچىلىشى

ئىلغارلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. دۆلەتنىڭ كىشىلەرگە پايدىلىنىش هوقۇقىنى بېرىشى، ئۆتۈنۈپ بېرىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش بىلەن بىرگە، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زەنجىرسىمان باغلىنىشى، ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش بىلەن بىرگە، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىمۇ ئۈزۈكسىز ئاشۇرۇپ، غايەت زور بايلىق توپلاش پۇرسىتىنى ياراتتى.

دېمەك، بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى ماددىي بايلىق شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدە ئەزەلدىن بار بولغان بايلىق ئەمەس. ئۇ باشقىلارنىڭ بايلىقىنى ئاز - ئازدىن يىغىش، قىسىپ ئېلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. بۇ نۇرغۇن پايدىلىنىش هوقۇقىنىڭ مەركەزلىشىشى بولۇپ، ئۇ زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىققا ئىگە بولمايدىكەن، ئۇنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولمايدۇ. ئۇ پەقەت پايدىلىنىش هوقۇقىنى بېرىش يولى بىلەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ساقلايدۇ، قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇنۇمىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ.

## ئاشپەزگە ئايلانغان «باي»

شەھىرىمىزدە خېلى بۇرۇنلا پۇل تېپىشتا داڭ چىقارغان، تونۇشلۇقىمىز چوڭقۇر بىر زىيالىي كىشى بار ئىدى، ئۇ هۆكۈمەت خىزمىتىدىن بالدۇرلا قول ئۈزۈپ، يەرلىك مەهسۇلاتلارنى سېتىش، بازار ئېچىش، مېهمانخانا مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇش، يەرلىك مەهسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن باي بولغان، هاجىمۇ بولغان، بىراق ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى بىردىنلا ۋەيران بولۇپ، بىر قانچە يەردىكى مېهمانسارايلىرى، بازارلىرى،

زاۋۇتلىرى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغان. ئاخبارات ـ تەشۋىقات ئورۇنلىرىدىمۇ كۆپ قېتىم چولپان بولغان بۇ ئادەمنىڭ قىلمىشى: 1. يوشۇرۇن ھالدا ئىككى ئايالنى نىكاھىغا ئالغان؛ 2. ناتوغرا كەسىپ ـ قىمارغا بېرىلگەن، جەزخورلۇق قىلغان؛ 3. زاۋۇت ـ كارخانىلىرىنى دەۋرگە بېقىپ يېڭىلاپ تەرەققىي قىلدۇرماي، كونا پەدىدە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش بىلەن شوغۇللانغان؛ 4. قىلمىۋاتقان تىجارىتىنى، كەسپىنى كۆپ قېتىم يېڭىلاپ، ئۆزى بىلمەيدىغان تىجارەتكە كىرىشىپ قالغان، بۇ ئۇنىڭ مەبلىغىنى چېچىۋەتكەن.

ئەمدى نېمە دەيمىز؟ ئەلۋەتتە بىز مۇشۇ تۈردىكى بىر يۈرۈش كىتابنىڭ باشقا قىسىملىرىدا دەل مۇشۇ خىل ئىشلارنىڭ سەۋەبى، جەريانى ھەم مۇشۇ خىل يامان ئاقىۋەتلىرىنى بايان قىلدۇق. بۇ يەردە يەنە شۇ ئىشلارنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز. مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش زۆرۈر دەپ قارايمەن. بىر كۈنى ئۇنىڭدا پۇلى بار بىر تۇغقىنىمىز مېنى ئىزدەپ كەلدى. كۆپ ئىزدەپ ئاخىر ئۇنى مەلۇم كىچىك بازاردىكى ئاشخانىنىڭ يەر ئاستىدىكى ئاش سالىدىغان جايىدىن تاپتۇق. ئۇ تولىمۇ خىجىل بولدى ۋە:

ـ ئۆزۈمنىڭ دۆتلۈكىدىن ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم، بىر كېچىدىلا نامراتقا ئايلىنىپ قالدىم. كېيىن ئەسلىدىنلا نامراتلىقىمنى ھېس قىلدىم. مانا ئەمدى كىچىككىمدە ئۆگىنىپ قويغان لەڭمەن تارتىش ھۈنىرى بىلەن تۇرمۇشۇمنى قامداۋاتىمەن. سىلىنىڭ پۇللىرىنى ھازىر بېرەلمەيمەن، كېيىن بەرسەم، مەندىن خاپا بولماي تۇرۇشسىلا، ـ دېدى.

بىز ئۇزاپ كەتتۇق، كېيىن سۈرۈشتە قىلسام، خوتۇن ـ بالىلىرىمۇ ئۇنى تاشلاپ كېتىپتۇ.

بەزىلەر پۇرسەتنى تۇتۇپ، كۈتمىگەن يەردىن ئامەت قوشىغا

ئېرىشىپ قالىدۇ، پۇل - بايلىققا پاتىدۇ. قارىسىڭىز، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى بەك ئاددىي، لېكىن قولغا كەلتۈرگىنى بەك چوڭ بولىدۇ. ئۇنى بىر - بىرلەپ تەھلىل قىلساق ۋە تەتقىق قىلساق، پۇرسەت بىلەن شەرت - شارائىت ئۇنىڭغا ئاشۇنداق ئامەتنى بەرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇنداق ئادەمنىڭ راستتىنلا بىڭسىسى يوق، پاراسىتىمۇ يوق بولۇپ قالىدۇ. بايىقى باي ھاجىممۇ دەل ئاشۇنداق ئامەتكە تاسادىپىي ئىگە بولۇپ قالغان ئادەم. كېيىنكى كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ ساپاسىزلىقىنى، ئەسلىدىنلا نامراتلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇنىڭدا دىت - پاراسەت، ئىقتىدار دەيدىغان نەرسە بولسا ئىدى، قولغا كەلتۈرگەن بايلىقنى كۆپ خىل يوللار بىلەن مۇستەھكەملەپ ماڭىدۇ. ئەكسىنچە، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ، خۇدىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. بىزدە بۇنداق مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولغان بايلار بەك كۆپ. ئۇلارنىڭ زور كۆپ قىسمى ۋەيران بولۇش، ئىچ ئاغرىقى، كېسەل بولۇش، مۈلكىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇش، قويۇلۇپ كېتىش بىلەن ھاياتىغىمۇ خىرىس پەيدا قىلىپ، بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىشتەك قىسمەتلەرگە دۇچار بولدى. ئەمما، ئازراق دىتى بارلار يەنە بىر ئاماللارنى قىلىپ، ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، تەجرىبە توپلاپ، قايتا تىرىلىپ، تاپاۋەتكە يېڭى يول ئاچتى. بايىقى تونۇشىمىز نامرات باي بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى تېخىمۇ ئېنىق ئاشكارىلانغان.

## چېگرا سىرتىدىكى باي

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا ئاتۇشتا يېقىن ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە چىقىپ تىجارەت قىلىش ئەۋج ئالغان. شۇ چاغدا بىر تونۇشىمىز خىزمىتىنى تاشلاپ ئۆزبېكىستانغا چىقىپ، تاشقى سودا تىرانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 15 يىلدا 50 مىليون يۈەن پۇل تاپقان. بۇ كىشىنىڭ ساۋاتى بولمىسىمۇ،

ئىشقا ئېپى بار بولۇپ، سوۋغا سالام بىلەن ئىش ئۇخشىتىشقا ماھىر ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ نۇرغۇن جايىنىڭ يوچۇقىنى ئاچقان. بىر قېتىم ئۇ 30 مىليون يۈەنلىك قوي، كالا تېرىسىنى دۆلىتىمىز چېگراسىدىن ئۆتكۈزۈپ، سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان. بىراق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇنىڭ 30 مىليون يۈەنلىك مەھسۇلاتىنى قانۇنسىز يۆتكىگەن دەپ مۇسادىرە قىلىپتۇ. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بېرىلمەپتۇ. زىيان شۇنچىلىك كۆپ بولۇپتۇ. ئۇ ياندۇرقى يىلى گېرمانىيەنىڭ كىچىك ماشىنىلىرىنى ئۆزبېكىستانغا كىرگۈزۈپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، خېلى ئوبدان نەپ ئاپتۇ. 5 ~ 6 مىليون پۇل تېپىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىجارەتنى تېخىمۇ چوڭ قىلىش ئۈچۈن، بىرلا ۋاقىتتا باشقىلاردىن قەرز ئېلىش يولى بىلەن 30 مىليون يۈەنگە كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىپ، ئۆزبېكىستاننىڭ پۈتۈن بازىرىنى مونوپول قىلماقچى بولۇپتۇ. كۈتمىگەندە شۇ يىلنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا گېرمانىيەنىڭ ئاپتوموبىل ساھەسىدە داۋالغۇش يۈز بېرىپ، باھاسى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىرگۈزگەن بىر نەچچە مىڭ ئاپتوموبىل سېتىلماي بېسىلىپ قالغان. ئاخىردا ھېلىقى ئاپتوموبىللارنى ئەڭ تۆۋەن باھادا سېتىپ، 10 مىليون پۇل قىلغان. ئارىدىن 20 مىليون يۈەن زىيان تارتقان. شۇ يەردە قىلغان ئۆي - زېمىنلىرىمۇ قەرزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ھەمدە ئاتۇشقا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ مۇنداق دېدى:

— مەن راستىتىنلا دۆت ئىكەنمەن، پۇل كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ، ئەقىلنى توسۇۋالىدىكەنغۇ. شۇ چاغدا مەن ياكى بىر قىسىم پۇلنى ئۇدۇللۇق يۇرتقا ماڭغۇزۇپ تۇرماپتىمەن، ياكى بولمىسا بىرەر كارخانا قۇرۇپ، زاۋۇت ماڭغۇزۇپ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش يولىغا قەدەم قويۇپ قويماپتىمەن. ھېچنېمىسى يوق تىجارەت دېگەننىڭ راستىتىنلا ئۆلى بولمايدىكەن، لېكىن

ئويلىغىنىم نېمە دېسە، قولۇمدىكى پۇل بولسىلا، يەنە پۇل بولىدۇ. ھەي، بۇمۇ ئەخمەقلىقتىن باشقا خىيال ئەمەس ئىكەن. ئويلىسام، پۇلنى پۇلغا ئۇرۇپ يۇرۇپ، شۇنچە كۆپ پۇل يەنە شۇ تىجارەتكە يەتمەي باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ دەسمايە قىلىپ سالغان، شۇڭا بەزى ئىشلارنى ئويلىغان بولساممۇ پۇل بولغاندىن كېيىن قاچان قىلسام قىلىۋالىمەنغۇ دەپ تىكەنمەن، ئەسلىدە ئۇنداق بولمىسا بولىدىكەن، قولغا كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئاندىن قىلسىمۇ، ئاز قىلىپ بىخەتەر قىلسىمۇ ئۇنىڭ پايدىسى كۆپ بولىدىكەن. بىلمەي قاپتىكەنمەن، قولۇمدىن پۇل شۇنچىلىك تېز چىقىپ كەتتىكى، قارىسام، بىردەمدىلا نامراتقا ئايلىنىپ قاپتىمەن، بۇنداق چاغدا پۇلىمىز بار چاغدا خۇشامەت قىلىپ پۇلىمىزنى ئىشلىتىپ قويسىلا دەپ يۇرگەن ئادەملەردىن بىرىمۇ يوق، ۋەتەنگە قايتىشقا پۇل يوق قەرز دەپ بارسام، ھەممىسى پۇل يوق دېدى... شۇنداقتىمۇ مىڭ تەستە كېلىۋالدىم...

ئۇنىڭ كەتكۇزۇپ قويغان بىر نەچچە تەرىپى بار، بىرىنچىدىن، ئۇ چېگرا سودىسىدا ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئارا سودا مۇناسىۋىتى كاتېگورىيەسىگە كىرمىگەن. بۇ ھال ئۇنىڭ سودىدىكى كاپالەت ئۇستۇنلۈكىنى يوققا چىقارغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى كەم بىر تەرەپ قىلىسا بولىدىغان، ھەتتا تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ توسۇپ، زەربە بېرىدىغان پاسسىپ مۇھىتقا دۇچ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن 30 مىليون يۈەنلىك مەھسۇلاتى مۇسادىرە قىلىنىپ كەتكەن، كاپالەت ئۇستۇنلۈكى بولغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ خىل ئېھتىماللىقنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى تۆۋەن بولاتتى ياكى يۈز بەرسىمۇ، ئۇنچىلىك چوڭ زەربە تېگىپ كەتمەيتتى؛ ئىككىنچىدىن، زىيادە ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، بىرلا ۋاقىتتا ناھايىتى زور مىقداردىكى مەھسۇلاتنى يۆتكەشتەك تەۋەككۈلچىلىكنى سادىر قىلغان ھەم مۇناسىۋەتلىك سودا

رەسمىيەتلىرىنى تولۇق ئۆتىمىگەن. ئەسلىدە ئۇ چېگرا ئاتلاپ يۆتكەيدىغان مەھسۇلاتنى ئاز - ئازدىن، پات - پات يۆتكىسە، ئۇنىڭغا قادىلىۋالىدىغانلار كۆپ يۆتكىگەنگە قارىغاندا يوق دېيەرلىك بولىدۇ، مەھسۇلاتنىڭ بىخەتەرلىكى ئىزچىل كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، مۇبادا بىخەتەرلىكى تەھدىتكە ئۇچرىسىمۇ ئۇنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنى 30 مىليون يۈەنگە سېلىشتۇرغاندا، شۇنچىلىك تۆۋەن، ئاز بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، بازارنى ياخشى مۆلچەرلىيەلمىگەن، پايدا ئالدىم دەپلا يەنىمۇ كۆپ پايدا ئېلىش مەقسىتىدە 30 مىليون يۈەنلىك ئاپتوموبىلنى بىراقلا ئالغان. ئەسلىدە، ئۇ سېتىپ بولۇشىغا قاراپ سېتىۋالسا، ھەم ئاپتوموبىل تۇرۇپ قالمايدۇ، ھەم مۇشۇ تۈردىكى ئاپتوموبىللارنىڭ تۆكمە قىلىنىشىدىن پەيدا بولىدىغان كاساتچىلىق يۈز بەرمەيتتى؛ تۆتىنچىدىن، سانائەت ئاساسى بەرپا قىلىنمىغان مۇقىم مۇلۇك تۇپلىمىغان. بۇ ھال ئىشقا ئاشقان بولسا، ئۇنىڭ تىجارەتتىن تارتقان زىيىنى بولغان تەقدىردىمۇ، زىياننى تولدۇرۇش يولىنى ئاچالايتتى. بۇ ئارتۇقچىلىقىغا تايىنىپ، مەبلەغ جەلپ قىلىش، تېخنىكا كىرگۈزۈش، بازار ئېچىش ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بولالايتتى، يەنى كىشىلەر ئۇنىڭ پاراسىتى بار دەپ ياردەم قىلاتتى، قوللايتتى، قەرز پۇل بېرەتتى، خام ئەشيا بىلەن تەمىن ئېتەتتى. مۇشۇ بىر قاتار تەرەپلەر بولمىغانلىقتىن، بىر نەچچە كۈندىلا نامراتلاشقان بايغا ئايلىنىپ قالغان.

## چوڭ پايدا ئېلىش تەقەززاسى

مەلۇم يېزىدا بىر نامرات دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى يىلبويى ئېتىزدا ۋە قورۇلۇشلاردا ئىشلەپ جان باقاتتى. بىر يىلى قۇربان ھېيتتا مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئۇلاردىن بىرىنى چاقىرىپ مەسچىتكە يىغىلغان تېرە - ئۆچەيلەرنى شەھەرگە

ئەكىرىپ سېتىپ چىقىشقا بۇيرۇغان. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئۈچ
ئاكا - ئۇكا بىردىنلا تېرە، ئۈچەي بازىرىغا كىرىپ تىجارەت
قىلىشقا كىرىشىپ قالغان. شۇ جەرياندا ئۇلار ئىچكىرىدىن
كەلگەن چارۋا مالنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى سېتىۋالىدىغان بىر
تىجارەتچى بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ يىل
تىجارەت قىلىپ، بەش مىليون ئەتراپىدا پۇل تاپقان، بۇنداق تېز
كۆزگە كۆرۈنۈش ئۇلارنىڭ داڭقىنى چىقىرىپتۇ، شۇنىڭغا يارىشا
كىبىر پەيدا قىلىپ، كىملەرنىدۇر كۆزگە ئىلمايدىغان دەرىجىگە
يېتىپتۇ. مەھەللىسىدىكى دېھقانلارنى قەلەندەرلەر دەيدىغان ھالغا
كەپتۇ. ئالدىنقى يىلى ئۇلار ھېلىقى تىجارەتچى بىلەن 12
مىليون يۈەنلىك مال بىلەن تەمىنلەش توختامى تۈزۈپ، 3
مىليون پايدا ئېلىشنى پىلانلاپتۇ. ئۇلار يەنە 10 نەچچە ئادەمنى
ياردەملەشتۈرۈپ، ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قوي،
كالىنىڭ ئۈچەي، كاللا - پاقالچاقلىرىنى يىغىپ ئىچكىرىگە
يولغا سېلىۋېرىپتۇ. پۇلىنى سۈيلىگەندە، ئومۇمىي تاپشۇرغان
مېلىڭلار 10 مىليونغا يەتسۇن دەپتۇ، بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكا
قەشقەردىكى مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بارلىق
كىشىلەرنى قوزغاپ، پۇل قەرز ئېلىش، قوي، كالىنىڭ ئۈچەي،
كاللا - پاقالچاقلىرىنى نېسى ئېلىش يولى بىلەن 10 مىليون
يۈەنگە يەتكۈزۈپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى كىشى ئۇ ئەۋەتكەن ئۈچەي،
كاللا - پاقالچاقتىن سۈپەت مەسىلىسى چىقىرىپ، يەنە 2
مىليون يۈەنلىك مال بىلەن تەمىنلەشنى، شۇنداق قىلالىسا،
ئۆزىنىڭمۇ باشقىلاردىن پۇلىنى ئالالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا
قويۇپتۇ. بۇ چاغدا بۇ ئاكا - ئۇكىلار ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي،
بۇ تەلەپىنىمۇ ئورۇنداپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ، ھېلىقى
تىجارەتچىنىڭ تېلېفونى ئېتىلىپ، ئالاقە ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. ئۇلار
گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىگە بېرىپ، يېرىم يىل ئىزدەپ ھېلىقى
تىجارەتچىنىڭ دېرىكىنى ئالالماي قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار بىر

يىلدىلا بەش مىليون يۈەندىن ئايرىلىپ 8 مىليون يۈەن قەرزگە بوغۇلۇپ، نامراتلىشىپتۇ. مەھەللىدىكىلەر «خوپ بولدى» دېيىشىپتۇ. ھەقدارلار ئۇلارنى ئۆيىدە ياتقۇزماپتۇ، ئاخىر ئۇلار بىر كېچىدىلا غايىب بولۇپ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىگە بېرىپ، ناۋايخانىدا جان بېقىشقا باشلاپتۇ.

ئۇلار مۇنداق بىر نەچچە ئىشقا يول قويغان: بىرىنچى، قولىمىزدا توختام بار، بۇ بىزنىڭ بىردىنبىر ئاساسىمىز، كاپالىتىمىز دەپ ئويلىغان، ھالبۇكى ھېلىقى تىجارەتچى توختامغا مەلۇم چوڭ شىركەت ۋە ئەمەلىيەتتە يوق بىر مەمۇري ئورگاننىڭ تامغىسىنى بېسىپ، مەلۇم ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئۆتەپ بەرگەن. بۇ چاغدا ھېلىقى ئاكا ـ ئۇكىلار ئۇنى ئەستايىدىل تەكشۈرمىگەن. دەلىللەپ كۆرمىگەن، ھەتتاكى ھېلىقى تىجارەتچىنىڭ تۇرار جايىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ باقمىغان. توختامدىكى شىركەت ۋە كاپالەت بەرگەن، گۇۋاھلىق ئۆتىگەن ئورگاننىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلاشنى خىيالمۇ قىلمىغان؛ ئىككىنچى، ھېسسىياتقا بېرىلىپ، ئەقىدە قىلىشنى بۇ تىجارەتتىكى چىقىش نۇقتا قىلغان. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى قويۇۋېتىشىنى زادىلا ئويلىمىغان، چۈنكى ئەينى يىللاردا ھېلىقى تىجارەتچى ئۇلارغا دائىم پۇل ئەۋەتىپ، سۈرۈشتىسىنىمۇ قىلمىغان. مالنى بەرسىلا پۇل ئەۋەتكەن، بەزىدە نۇرغۇن مالنى ئەۋەتىپ بەرسىمۇ پۇلىنى تۇتۇپ قالماي قاچان دېسە شۇ چاغدا ئەۋەتىپ بەرگەن. ئۇلار ئارىسىدا شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىشەنچ ۋە ئەقىدە بارلىقىغا كەلگەن. قارىماققا قىل سىغمايدىغان چۈشىنىش، قارا سىنىماسلىق ھالىتى، كەيپىياتى شەكىللەنگەن. بۇ قېتىم ھېلىقى تىجارەتچى ئۇلارغا بۇ يىل بازار بەك كاسات بولۇۋاتىدۇ، دۇنيا پۇل مۇئامىلە بازىرى بىزنىڭ تىجارىتىمىزگە ئېغىر زەربە بولدى. شۇڭا، سىلەر مېنى قوللاپ بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىمغا ياردەم قىلمىساڭلار

بولمايدۇ، مەن تىجارەتتە زىيان تارتسام، سىلەرنىڭ پايداڭلارمۇ
زىيانغا ئۇچرايدۇ، مۇشۇ قىيىن ئۆتكەلدىن بىرلىكتە ئۆتەيلى دەپ
ۋەدە ئېلىشۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاكا - ئۇكىلار بارلىق ساداقەت ۋە
تىرىشچانلىق بىلەن پۇل بەرمىسىمۇ مەھسۇلاتىنى توختاۋسىز
ئەۋەتىپ بېرىدۇ؛ ئۇچىنچى، چوڭ پايدا ئېلىش تەقەززاسى ئۇلارنىڭ
خېيىم - خەتەر تۇيغۇسىنى يوققا چىقىرىپ، ئۆزى ۋە نۇرغۇن
كىشىنى پاتقاققا سۆرەپ كىرىدۇ. ئۇلار بۇ تىجارەتتە شۇنچىلىك
ئۈمىدۋار بولغان، ئىشەنگەن ھەمدە ھېچ نەرسىدىن قورقماي
دەسمايىنى سالغان. بۇ چاغدا ئۇلار مېلىنىڭ ۋە پۇلىنىڭ خېيىم -
خەتىرىنى زادىلا ئويلىمىغان. ئۇلار «ئۇ دېگەن نوچى، ھەرقانداق
ئەھۋالدىمۇ پۇلىمىزنى بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ!» دەپ
ئىشەنگەن، چوڭ ئۈمىدكە تولغان. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىمۇ
سۆرەپ كىرىپ، ئۇلارنىڭمۇ زور بىر تۈركۈم مەبلىغىنى زىيانغا
ئۇچراتقان. ھېلىقى مېلىنى بەرگەن كىشىلەرمۇ بۇنىڭ
ئاقىۋىتىنى سۈرۈشتە قىلماي، ئۇلارنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى
تىجارىتىنىڭ ياخشىلىقىنى، ھازىر بېرىدىغان پايدىسىنىڭ
كۆپلۈكىنى نەزەرگە ئېلىپ، مېلىنى نېسى بېرىۋەرگەن. ئاخىردا
بايىقىدەك قويۇلۇپ كەتكەن. ئۇلار يېنىمىزدا بولغاندىن كېيىن
ئېلىۋالىمىز دېگەن بولسىمۇ، ئاكا - ئۇكىلاردا ھېچ نەرسە
بولمىغاچقا، لېۋىنى چىشلەپ قالغان.

بىردەمدە باي بولۇش بىلەن ئۇزاق زاماندا باي بولۇشنىڭ
پەرقى بار. شۇنداقلا بىردىن كۆپ پايدا ئېلىش بىلەن ئاز - ئازدىن
پايدا ئېلىشنىڭ پەرقى بولىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى خېيىم -
خەتەرمۇ تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، تېز باي
بولۇش بىلەن بىراقلا كۆپ پايدا ئېلىشنىڭ خېيىم - خەتىرى
ناھايىتى زور بولىدۇ. بۇنداق ئىشقا نادان، يەنى نامرات خاراكتېرى
بار تىجارەتچىلەرنىڭ خېيىم - خەتىرى شۇنچىلىك كۈچلۈك، تېز،
ئېغىر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدا پۇل بولسىمۇ، شۇ پۇلىنى قانداق

تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇناسىپ بىلىم، ساپاغا ئىگە ئەمەس. بولۇپمۇ ئۇنداقلارنىڭ خېيىم - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارى كەمچىل بولىدۇ. ئۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار تەكشۈرۈش بىلەن دەلىللەشنى بىرلەشتۈرۈپ، مەھسۇلات بىلەن پۇلنى تەڭ نىسبەتتە ياكى مۇۋاپىق نىسبەتتە نەقلەشتۈرۈپ مېڭىپ، خېيىم - خەتىرنى ئازايتقان بولاتتى. تىجارەتتە پىشقان كىشىلەر بولسا، تىجارەت بىلەن دوستلۇقنى، تىجارەت بىلەن ھېسسىياتنى ئايرىپ، بۇ ئىككىسىنى ئىككى لىنىيە بويىچە ئېلىپ بارىدۇ، تىجارەتتە يۈز - خاتىر قىلمايدۇ، قىسمەن يول قويىدۇ، دوستلۇقتا بارلىقىنى تەقدىم قىلىدۇ، تىجارەتنى ۋە باشقا مەنپەئەتنى شەرت قىلمايدۇ. بۇ تەپەككۇردا نامراتلىق يوق تىجارەتچىلەرنىڭ تۇتقان يولى بولۇپ، ئۇ ئۇزاق يىللىق تەجرىبىنىڭ يەكۈنى ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىنالغان ھەقىقەت!

ئەمەلىيەت قايتا - قايتا ئىسپاتلىدىكى، تەپەككۇردا بايلىق يوق تىجارەتچىنىڭ تىجارىتىدە ھامان مەغلۇبىيەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تەپەككۇردىكى ئاشۇ نامراتلىق ئۇلارنى ھامان نامرات باي قىلىپ قويىدى. بۇنى ئۇلار دەسلەپ راستىنلا بىلمەيدۇ، كېيىنكى چاغلاردا بىلگەندە ئالللىقاچان كېچىككەن بولىدۇ. بۇ چاغدا پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. دېمەك تېگىدىن ساپاسى، ئىقتىدارى، تەجرىبىسى يوق، بىلىم قۇرۇلمىسى ناچار، تەربىيەلىنىشى، چېنىقىشى يېتەرسىز، يىراقنى كۆرەرلىكى ناچار، ئۆزىنىلا كۆزلەيدىغان، يانچۇقى توم بولسىمۇ تەپەككۇرى كاۋاك تىجارەتچىلەر، باي، پۇلدار دەپ نام ئالغان كىشىلەر «نامرات باي، نامرات تىجارەتچى» دۇر.

## بانكىدىكى باي

بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ ئەڭ چەت يېزىدىكى بانكىدا خىزمەت قىلاتتى، ئۇ ئەينى يىللىرىدا بەكمۇ تىرىشچان ئىدى،

يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ ساتاتتى. پىلانلىق ئىگىلىك مەزگىلىدە ئۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان رەھبەرلەرگە يېقىن تۇرۇپ، ياغ زاۋۇتلىرى ئۈچۈن چىگىت، تېرىلغۇ يەرلەر ئۈچۈن كۆنجۈرە، كىچىك يىپ ئېگىرىش، تور توقۇش زاۋۇتلىرى ئۈچۈن پاختا ھەل قىلىپ سېتىپ، ئارىدىن خېلى كۆپ پايدا ئالغان. ئۇ مۇناسىۋەتكە ئۇستا، ئىشقا ئېپى بولغاچقا ئەمىلى ئۆسۈپ، ناھىيەلىك بانكىنىڭ بانكا باشلىقى بولدى. بىرنەچچە يىلدىلا ناھايىتى كاتتا ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇ ئېسىل ماشىنىدا ئولتۇراتتى، ئالىي رېستورانلاردا غىزالىناتتى، ئالىي مېھمانسارايلاردا ياتاتتى... بىر قېتىم ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

— سىلەر بەك بىچارە ئادەملەر، نېمىشقا دېگەندە، ھازىر ئاخباراتچىلارنىڭ ئىلگىرىكىدەك ئىناۋىتى يوق. كىم بولسۇن، سىلەرگە نەزەر سالمايدۇ، ئولتۇراي دېسەڭلار ماشىناڭلار يوق، ئويناي دېسەڭلار قوشۇمچە كىرىمىڭلار يوق. سىلەرنى كەپتۇ دېسە، ھېچكىمنىڭ كارى يوق. چۈنكى، سىلەر ياخشى ئىشنىلا يازىسىلەر، ناچار ئىشنى يازالمايسىلەر. ھازىرقى ۋاقىتتا ياكى پۇل بولۇشى، ياكى بولمىسا بىزگە ئوخشاش ھوقۇق - ئىمتىياز بولۇش كېرەك. سىلەردە ھېچبىرسى يوق، بانكىغا ئالماشتۇرۇپ قوياي، مۇشۇ يەردە ئىشلەڭلار. ئىلگىرى مەن قىلغان ئىشلارنى ئويلىسام نومۇس قىلىمەن، نېمىشقا دېگەندە پۇل تاپىمەن دەپ قىلمىغان ئىش قالمىغان. ھازىر بولسا ئولتۇرۇپلا پۇل تاپالايمەن.

كېيىن باشقىلاردىن بىلسەم، ئۇ قولىدىكى ھوقۇقتىن شۇنچىلىك «كۆپ پايدىلانغان» مىش. ئۇ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، خۇپىيانە پارا ئېلىپ، خورىكى ئۆسۈپ، جاھانغا پاتماي، ھاكاۋۇر، مەنمەنچى بولۇپ كەتكەن، كىچىك قىزلارغا پوخۇرلۇق قىلىش، قورسىقىغا زىيادە تويۇنۇپ يېيىش سەۋەبىدىن بۆرەك زەئىپلىشىش، بەدىنىدە ماي ئېشىپ كېتىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، تەكرار داۋالانغان... يېڭى كەلگەن باشلىقىقا ھازىرقى

ئورنىنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە كۆپ مىقداردا پارا بەرگەن ۋە يېڭى رەھبەرنىڭ پاش قىلىشى بىلەن قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ قولىغا چۈشكەن.

بۇ دوستىمىزنىمۇ بىر «نامرات باي» دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆزى تويمىغان، شۇنداقلا ناتوغرا يول بىلەن ھارام پۇل تاپقان. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى بار، ئىگىسى بولغانىكەن، ئۇنى بەربات قىلىش ياكى ئىگىلىۋېلىش دەرىجىدىن ئېشىپ كەتسە، شۇنداقلا، باشقىلارنىڭ پايدىلىنىش ھوقۇقى تارتىۋېلىنسا سۈرۈشتىسى بولىدۇ، ئىگىسى ھامان ئۇنىڭ جاۋابىنى ئالىدۇ، سۈرۈشتىسىنى قىلىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ بىر خىزمەتچىسى ھوقۇق ۋە قولىدىكى ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ بايىقىدەك قىلسا، ئەلۋەتتە بۇنىڭ سۈرۈشتىسى ھەرقانداق ئىشقا قارىغاندا كۈچلۈك، زىر ـ زەۋىرىگىچە بولىدۇ. دېمەك ھەممە ئىشنىڭ يولى بولىدۇ، چەك ـ چېگراسى بولىدۇ، بۇ بىر خىل قانۇنىيەت. بۇ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىش يېتەرلىك بولمىسا، چېكىدىن ئېشىپ كېتىپ يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدۇ. بايىقى دوستىمىزنىڭ «نامراتلىق»ى دەل مانا مۇشۇ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلماسلىقى، ئاچ كۆزلۈكى، ساپاسىزلىقىدا ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

بانكىدىكى ئاشۇ دوستىمىزمۇ بايلىق توپلىغۇچى ۋە ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئېرىشكۈچى، بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەنلەرمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى پۇل، پۇل توپلاش، پايدا ئېلىش! ئۇلارنىڭ تۇيغۇسىدا پۇلنى پۇل بىلەن تېپىش، بىر پومزەك پۇلنى خۇددى قار ئۈستىگە تاشلاپ دومىلىتىپ، ئۇنى يوغان قار دۆۋىسى قىلىپ يارىتىشلا بار. بۇنى يامان دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ھازىرقى جەمئىيەتتە پۇلنى ئويلىمايدىغان ئادەم مەۋجۇت ئەمەس. شۇنداقلا پۇلنى ئويلىمايدىغان ئادەم نورمال ئادەم ئەمەس. بىراق

بىزنىڭ بۇ «نامرات باي، نامرات تىجارەتچى» لىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى پۇل، پايدا ئېلىشتىنلا ئىبارەت بىرلا تەرەپكە يېپىشىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى بىر تەرىپىگە، يەنى ئۇنىڭ پايدىلىنىش جەھەتتىكى ئومۇمىيىتىگە سەل قارايدۇ. ئۆزىگە توپلانغان پۇلنىڭ پايدىلىنىش ھوقۇقىغا، باشقىلارنىڭ پايدىلىنىش ئىمتىيازىغا سەل قارايدۇ.

## خاتىمە

بىزدە پۇلنى تېپىپ جايىغا ئىشلىتىپ، بايلىق ۋە پۇلنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى نامايان قىلغانلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ھەقتىكى مىساللار بەك كۆپ.

ئەلمىساقتىن ئەل ئارىسىدا ئەقىللىق، چېۋەر، سېخىي، كۆزى توق بايلار ھەقىقىي بايدۇر دەيدىغان گەپ بار. بۇنىسى راست. ئۇنداقلار، راستتىنلا پۇلنى تاپىدۇ ۋە ئۇنى جايىدا ئىشلىتىدۇ. ئاۋامنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە قولىنى سۇنىدۇ، بايلىقىنى تەرەققىيات، تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. ھېچ بولمىسا، پۇلنى يېڭى تېخنىكا، يېڭى تۈر ۋە يېڭىچە مەبلەغ سېلىشقا سەرپ قىلىپ، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈپ، باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا باب كېلىدىغان سانائەت، ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار يەنە سودا - تىجارەتتە رىقابەتكە قاتنىشىدۇ، رىقابەتتە ئۆتۈپ چىقىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ پۇلى بارلىقىنى ئەمەس، ئەقىل - پاراسىتى، دىتى، مۆجىزە يارىتالايدىغان كارامىتى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. چەت ئەلدە پۇل تاپقان مىرەن شىركىتى قەشقەرنىڭ كۆزنەك جايىدىن يەر ئېلىپ، ئاسمانغا تاقاشقان ئولتۇراق ئۆي، سودا بىنالىرىنى سالدى. بۇ قەشقەردىكى ناھايىتى كەڭ ئىستىقبال تاپقان كەسىپ بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ساھەدە قەشقەر

خەلقنىڭ تۈمەن - تۈمەن پۇلى قۇرۇلۇشلارغا سىڭىپ كەتتى. چۈنكى ئۇنى ھۆكۈمەت قوللىدى، خەلقنىڭ ئېھتىياجى قوللىدى. بىزنىڭ پۇلى بار ھېلىقىدەك نامرات بايلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاشۇ ئېھتىياجنى تۇتۇپ، مانا مۇشۇنداق قۇرۇلۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، ئۇ چاغدا پۇلى ئاۋۇيتتى. مەن شۇنداق قارايمەنكى، مىرەنىنىڭ قەشقەردىكى قۇرۇلۇش كەسپى ۋە ئۇلار بەرپا قىلغان ئولتۇراق ئۆي، بازار نەچچە مىڭ كىشىنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىنى، پايلىنىش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، بايلىقنى قانداق يارىتىش ۋە ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشتا ئۈلگە تىكلەپ بېرىدۇ.

قەشقەر سەمەن ساياھەت گۈرۈھىنىڭ لىدىرى ئىبراھىم مۇسامۇ قەشقەردە كارخانا باشقۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەشتە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە چېكىنمەي كېلىۋاتقان ئادەم، ئۇنىڭ باشقىلار ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرى، ياردەم پۇللىرىنىڭ سانى بىر نەچچە مىليوندىن ئاشتى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ تاپقان پۇلىنى ھەمىشە باشقىلارغا ئىش ئورنى تېپىپ بېرىدىغان ئىشلارغا سالدى. ھازىر ئۇنىڭ 10 نەچچە شىركەت، زاۋۇتىدا 1002 ئادەم ئىشلەيدۇ. بۇ ناھايىتى زور قوشۇن، ئەمەلىيەتتە ئۇ شۇنچە كۆپ ئادەمگە سەرپ قىلغان پۇلىنى ھېلىقى نامرات بايلاردەك تۇگۈۋېلىپ ياتسىمۇ بولاتتى. بىراق، ئۇ بىزنىڭ پۇلىمىزدا باشقىلارنىڭ ھەققى بار، ئۇلارمۇ پايدىلانمىسا بولمايدۇ دەپ كەلدى. دېھقانلار يەرگە ئېھتىياجلىق بولغاندا، 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ يەر ئېچىپ بەردى. يەرلىك مېۋە - چېۋىلەر پۇل بولماي سېسىپ كېتىۋاتقاندا، مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى چەت ئەلگە سېتىشنى يولغا قويدى. تاشلىنىپ قالغان يەرلىك قول ھۈنەرلەرنى قېزىش، تاشلىنىپ قالغان ھۈنەرۋەنلەرنى يۆلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە، قول ھۈنەر سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى ئىستىقبالغا ئىگە قىلدى. ئۈچ يىلدا 100

دىن ئارتۇق قول - ھۈنەرۋەن 5 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشتەك تارىخىي رېكورتنى ياراتتى. ئۇ نامراتلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن پۇل بېرىش كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئىش تېپىپ بەرسەك، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرساق، ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ دەپ قارىدى ھەم شۇنداق قىلدى. ئۇ بىر بۆلۈك ئاجىز، مېيىپ ئادەمنى ساناتورىيە قۇرۇپ قۇتقۇزغاندىن باشقا، 30 نەچچە نامرات دېھقانغا 1 مىليوندىن كۆپرەك پۇل سەرپ قىلىپ تىراكتور ئېلىپ بەردى. ئۇلار تىراكتور بىلەن ئىش تېپىپ، تېزلا باي بولدى.

قەشقەر شەھىرىدىكى داڭلىق جامائەت ئەربابى، ئالىم مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنىڭ پەرزەنتلىرى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ باي بولغان توپنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر يىلى باشقىلارغا قىلغان ياردىمىنىڭ سالمىقى ئاز ئەمەس. ئۇلار ئاتىسى مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېقىنقى بىرقانچە يىلدىلا ئوقۇشسىز قالغان، ئوقۇشقا بارالمىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 100 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. بۇ چاغدا مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ تىجارىتىمىز بەك چوڭ تىجارەت بولمىسىمۇ، تاپاۋىتىمىز يامان ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئالغان پايدىمۇ مۇناسىپ ياخشى بولدى. ئەمدى بىز قاراپ تۇرساق بولامدۇ؟ بىزنىڭ ئاشۇ تاپقان پايدىمىزدا باشقىلارنىڭمۇ ھەققى بار.

بۇ ھەقتە مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇرى بار. بۇ يەردە بىز «بەخت يولى» ناملىق ماقالىدىكى مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم ئوتتۇرىغا قويغان مۇنداق بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق: «بىزنىڭ ھەر ھالدا پۇل - مېلىمىز بار، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش قامداش ئېھتىياجىمىزدىن ئېشىپ تۇرىدۇ، ئەمما ئۇ قىلىۋاتقان تىجارىتىمىزگە زادىلا يەتمەيدۇ، ئازلىق قىلىدۇ، تىجارەت دېگەن شۇنداق بولىدۇ، شۇڭا يەتمىگەننى يەتكۈزۈپ قىلىمىز، بەك زورۇقۇپ كەتمەيمىز. بىزنىڭ پۇل -

مېلىمىز بولغان بىلەن يەنە بەزىلىرىنىڭ يوق، بولسىمۇ ئاز، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا يەتمەي قىيىنچىلىق تارتىدۇ، ئۇلار تەشنالىق، قىيىنچىلىق ئىچىدە ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشنى ئويلايدۇ، ئىنتىلىدۇ. كىملەرنىڭدۇ ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىشنى تىلەيدۇ، پۇل - مېلى بارلارنىڭ ئىلتىپاتىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ: ئۇلار ئۆزىگە ئاشۇنداق بولۇپ قالمايدۇ، بۇنى ئۇلارنىڭ جىنايىتى، گۇناھى دەپ قارىساقمۇ بولمايدۇ، لېكىن، بىزنىڭ ئۇلار ئۈچۈن قىلىپ بېرىدىغان مەجبۇرىيەتلىرىمىز چوقۇم بار. مەيلى كىم بولسۇن، قانداق ئويلىسۇن، ئۇلاردىمۇ ئىنسانلىق تۇيغۇ، ئىنسانلىق جۇلا مەۋجۇت، دەل ئاشۇ جۇلا ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ، بۇنداق باغلىنىش كىشىلەرنى كىشىلەرگە ھاجەتمەن ۋە يار - يۆلەك قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، ئادەملەرنىڭ ئادەملەردە ھەققى بولىدۇ، بۇنداق ھەق ئادەملەرنى ئىنساب - دىيانەتلىك، كۆيۈم - ۋاپالىق قىلىدۇ. مەن ۋە مېنىڭ پەرزەنتلىرىم ئەجىر قىلىپ تاپقان پۇلدا قىيىنچىلىق تارتقانلارنىڭ، قوۋم - قېرىنداشلارنىڭ ھەققى، ھەسسىسى ۋە پايدىلىنىش ھەققى بار. قارىماققا بۇنى ئايرىش ئەسلا مۇمكىن بولمىسىمۇ، روھىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن مەلۇم چەك ئىچىدە، مەلۇم دائىرىدە ئايرىپ باشقىلارنىڭ ھەققى ھېسابىدا باشقىلارغا بېرىش، ئۆتۈنۈش كېرەك. مانا بۇ خىل ئايرىش ۋە باشقىلارنىڭ پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ئايرىپ بېرىش بىزنىڭ باشقا پۇل، مېلىمىزنىڭ ساپلىقىنى ئۈستۈرۈپ، مەڭگۈلۈك ياردەمچى قىلىپ بېرىدۇ. كىشىلەردە قوللاش تەقەززالىقى، رازى بولۇش قىزغىنلىقى ئاشىدۇ. بۇ بىزگە بىر خىل سەممىي نۇر بولۇپ تۆكۈلۈپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا باراۋەر ياشاش، بەھرىمەن بولۇش شەرىپىنى بېرىدۇ. دېمەك، بىز باشقىلارنى رازى قىلساق، باشقىلارغا كۆيۈنسەك، بىزنىڭ ھەممە نەرسىمىز بولىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مېھىر - مۇھەببەت بىلەن بىزگە بارلىقىنى تەقدىم قىلىدۇ، شۇ چاغدا بىزنىڭ ئۆلىمىز چىڭ، پۇل - مېلىمىز ساغلام بولىدۇ...»

دوستلار، ئەمدى بىزدىكى «نامرات باي، نامرات تىجارەتچى» لەر يەنىلا ئۆزىنى ئالداپ خاراب قىلىپ يۈرمىسۇن. ئۇلار بىزنىڭ زور مىقداردىكى پۇل - مېلىمىزنى تۇتۇپ يېتىپ خوراتمىسۇن، ئۇلارنى يېتەكلەيلى، ئۇلارنى ئىقتىدارلىق قىلىپ تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرەيلى!

策　　划：伊布拉音•色满
组　　稿：阿不都许库尔•伊敏
责任编辑：玛尔哈巴•阿不都尼依木
责任校对：古丽巴哈尔•托合提
封面设计：海米旦• 塞达力木

致富丛书

**消费有方**（维吾尔文）

阿布来提•居玛　编著

新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
880mm×1230mm　　32 开本　　4.625 印张
2011 年 3 月第 1 版　　2011 年 7 月第 2 次印刷

ISBN 978 - 7 - 5466 - 0732 - 0 （民文） 定价:15.00 元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: [illegible]

## بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

- ساغلام تاپاۋەت، بېرەر ھىدايەت
- پۇل ھەققىدە ئاچچىق - چۈچۈك ھېكايىلەر
- پۇل تېپىشنىڭ ساغلام يولى
- **پۇلغا ياندىشقان بايانلار**
- تېجەپ پۇل تېپىش
- ئۆزىڭىزگە قويمىچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭ
- قەرز پۇلدىن پۇل تېپىش ( 1- ، 2 - قىسىم )
- بايلىق داستىخىنى - مۇلازىمەت
- سودا پۇرسىتىنى قەدىرلەڭ
- پۇل تېپىشقا ياندىشقان خىرىس

ISBN 978-7-5466-0732-0
9 787546 607320 >
定价：15.00元